


# بۇلاق

2014

3

ISSN 1005-0876


06>

9 771005 087006

定价：8.50元

源泉 (布拉克) ◎ BULAK

www.uyghurkitap.com



گۈل ۋە قۇش

سارا مىر نىزامى

ئۇيغۇر كلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە فولكلورشۇناسلىق
تۆرت ئايلىق ژۇرنىلى

# بۇلاق

36 - يىل نەشرى ئومۇمىي 156 - سان

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

گەر ئاشىق ئىسەڭ مېھرۇ ۋەفا قىلما ھەۋەس
دەرد ئىستەۋۇ دەفئىغە دەۋا قىلما ھەۋەس
ھىجرانۇ ۋىسال مۇتلەقا قىلما ھەۋەس
دىلدارىڭدىن غەيرى رىزا قىلما ھەۋەس

ئەي جانۇ كۆڭۈل بىر بىرىڭىزگە قارىشىڭ
ئۇل كۈي سارى رەخشى تەمانىنا يارىشىڭ
ھال ئۈستىدە ئەركەنىم سۆزىن ئۆتكەرىشىڭ
ھالىمنى سورارغا كەلمەسە يالبارىشىڭ

نەۋايى

www.uyghurkitap.com

# بۇلاق

2014 ـ يىللىق 3 ـ سان

باش مۇھەررىرى: ئەلى توختى    مۇئاۋىن باش مۇھەررىرى: مۇختار ماموت

## بۇ ساندا

### ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدىن

ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى ................................................ مەۋلانا يەقىنى (5)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رۇزىمۇھەممەت مۇتەللىپ قاشتاش

قەدىمكى ئۇيغۇر تىل ـ يېزىقىدىكى «يىغلاڭغۇ بۇدساتۋانىڭ ھېكايىسى» ........................................ (24)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

### ئەدەبىي مۇھاكىمىلەر

ئۇيغۇر يېقىنقى زامان پوئېزىيەسىدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ............... غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر (47)

«زەلىلىي دىۋانى»غا تولۇقلىما ........................ قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف (71)

قەسىدىچىلىك پىرى ـــ ئەنسارىي ................................ شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن (96)

## خەلق ئېغىز ئەدەبىياتىدىن


گۈننار ياررىڭ نەشرگە تەييارلىغان «قەشقەر خەلق قوشاقلىرى» ........................ گۈننار ياررىڭ (101)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئېلتېكىن

قىلىچ باتۇر (چۆچەك) ........................................................... (104)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

موزدۇز ۋە بەگ (چۆچەك) ........................................................... (109)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئېزىز پىراۋىدىن


## خەۋەرلەر


دوستلۇق بايرىمى ............................ مېھرى مۇھەممەد سىدىق (ئۆزبېكىستان) (111)

نەشرگە تەييارلىغۇچى: خاسىيەت غازى


※

مۇقاۋىنىڭ 1 ـ بېتىدە: فىردەۋسى (رەسسام: زەھرا توركامەن)

※ ※ ※


مەسئۇل مۇھەررىرى : مۇتەللىپ ئىسمايىل

ياردەمچى مۇھەررىرى : دىلئارام باھاۋىدىن

كوررېكتورى : ئارزۇگۈل كېرىم

مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مۇقەددەس دىلشات



تەھرىر بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827971 ـ 0991

ئېلېكترونلۇق خەت ساندۇقى: bulak@aliyun . com

تارقىتىش بۆلۈمىنىڭ تېلېفون نومۇرى: 2827472 ـ 0991

مەۋلانا يەقىنىي

# ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: روزىمۇھەممەد مۇتەللىپ

بۈيۈك ئالىم، ئىلىم ئەھلىلىرىنىڭ يولباشچىسى سەئىدۇددىن كاشغەرىينىڭ 12 يېشىدا بۇۋىسىغا ئەگىشىپ ھىراتقا بېرىپ، كېيىنچە ئۆز دەۋرىنىڭ ئەڭ مەشھۇر ئالىمىغا، مۇدەررىسىگە ئايلاندى. ھىرات شۇ دەۋردە بارلىق ئىلىم ئەھلى ئىنتىلىدىغان، ئەدەبىي مۇھىتى قويۇق جەلپكار شەھەر ئىدى. شۇ دەۋردىكى تارىم ۋە ئىلى ۋادىسىنىڭ كۆپلىگەن ئالىم - ئۆلىمالىرى، شائىر - يازغۇچىلىرى ھىراتقا جەملەندى، ھىراتنى ئىدارە قىلىش ئىشلىرىغا ئۇيغۇرلار كۆپلەپ ئىشتىراك قىلدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئەڭ كۆپ ۋە مۇھىم ئەسەرلىرى ھىراتتا بارلىققا كەلدى. كۆچۈرۈلگەن ۋە يېزىلغان «قۇتادغۇ بىلىك»، «مەخزەنۇل - ئەسرار»، «دەھنامە»، «مەي ۋە بەڭ مۇنازىرىسى» ۋە باشقا نۇرغۇنلىغان ئەسەرلەر ئەنە شۇلارنىڭ جۈملىسىدىن ئىدى. ئەمما، ھىراتتا يېتىشكەن ئۇيغۇر ئەدىب - شائىرلىرى، خەتتات - كاتىپلىرى، رەسسام - سەنئەتكارلىرى، سىياسىئون - قەھرىمانلىرى ۋە شۇ دەۋردە يېزىلغان ئەسەرلەر ھەققىدە تېخى بىزدە سىستېمىلىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىلغىنى يوق. بۇ بۇنىڭدىن كېيىن ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشكە تېگىشلىك جىددىي مەسىلە. چۈنكى، بىز ئەقەللىيسى نېمە ئۈچۈن «كاشغەر ۋىلايىتى ئۇلۇغلىرىنىڭ ئەۋلادلىرىدىن بولغان سەئىدۇددىن كاشغەرىي» بىلەن «ئۇيغۇر تىلىنىڭ پاساھەت ئىگىلىرىدىن، تۈرك سۆزلىرىنىڭ بالاغەت ئەھلىدىن بولغان مەۋلانا لۇتفىي» ۋە «ئەسلىي ئۇيغۇر باخشىلىرىدىن بولغان غىياسىددىن كىچىك» ئەڭ يېقىن سۆھبەتداشلاردىن ئىدى؟ نېمە ئۈچۈن غىياسىددىن كىچىك ئەلىشىر نەۋايى لۇتفىينىڭ تەربىيەلىشىگە تاپشۇرىلىدۇ؟ ئەلىشىر نەۋايىمۇ دادىسىدىن ئايرىلىپ قالغاندىن كېيىنمۇ بىر ئۆمۈر «لۇتفىينى ئۆزىگە ئۇستاز بىلىدۇ؟» ئۇ نېمە ئۈچۈن ئۆزىگە قوۋمىدىن بولغان سۇلتان ئەبۇ سەئىد مىرزا تەرىپىدىن ئەلىشىر نەۋايىنىڭ قورۇ - جايلىرى مۇسادىرە قىلىنىپ سۈرگۈن قىلىنغاندا، ئۇنى سەمەرقەندنىڭ ھاكىمى، «زامانىنىڭ تەڭداشسىز كىشىلىرىدىن بىرى بولغان سۇلتان مەلىك كاشغەرىينىڭ ئوغلى» «ئەھمەد ھاجىبەگ ئۇنىڭغا مۇرەببىي ۋە ھامىي بولىدۇ»؟ نېمە ئۈچۈن يەقىنىي «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى»دە ئاساسلىق قىلىپ ئەمرىي، ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي قاتارلىقلارنىڭ ئەسەرلىرىنى مىسال ئالىدۇ؟ دېگەندەك سوئاللارغا ئىنچىكىلەپ جاۋاب بېرەلىسەكلا، كۆپلىگەن تالاش - تارتىشلار ئۆزلۈكىدىن يېشىلىپ كېتىدۇ...

بىز بۇ چوڭ تېمىنى ۋاقىتىنچە كېيىنگە قالدۇرۇپ، يەقىنىي ھەققىدە توختىلىمىز. خوش، نېمە ئۈچۈن بىز يەقىنىي توغرىسىدىكى گەپكە ئۆتۈشتىن بۇرۇن، ھىرات ۋە ئۇ يەردىكى مەدەنىي ھاياتنى تىلغا ئالدۇق؟ چۈنكى، يەقىنىيمۇ

سەئىدۇددىن كاشغەرىي، لۇتفىي، ئاتايى قاتارلىقلار بىلەن دەۋرداش بولۇپ، ھىراتتا ياشىغان. بۇ كىشىمىزنىڭ ئاساسى 18 ـ ئەسىردە ياشىغان بىيوگرافلاردىن ۋالىھ (ئەلى قۇلى)نىڭ «رىيازۇش ـ شۇئەرا» ناملىق ئەسىرىدە يەقىنىينى «ھىراتلىق يەقىنىي» دەپ ئاتىغانلىقىدىن كەلگەن. شۇڭا، بىز يەقىنىينى ئۆز دەۋرىدىكى تارىم ۋادىسىدىن بارغان شائىرلاردىن بىرى، دەپ قارايمىز. دېمىسىمۇ يەقىنىي «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى»نىڭ ئاخىرىدا شۇنداق دەيدۇ: «بۇ مۇنازىرىدىن مەقسۇد ئۇلكىم، بۇ دەۋرنىڭ كاج تەبئەلىرىنىڭ قاشىندا ھەر كىم يادەك ئەگرى بولسا، يانلارىدىن يىراق بولماس ۋە ھەر كىم ئوقتەك راست بولۇپ، تۈز يۈرسە، يەقىنىيدەك يىراق تۈشەر.» بۇ يەقىنىينىڭ يىراق بىر يەردىن ھىراتقا كۆچمەن بولۇپ كەلگەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ. بۇنى تېخىمۇ ئېنىقكىلىسەك، بۈيۈك شائىر ئەلىشىر نەۋايى «مۇھاكەمەتۇل ـ لۇغەتەين» ناملىق ئەسىرىدە: «ھىلاكۇخان زەمانىدىن سۇلتان ساھىبقىران تېمۇر كوراگان زەمانىدىن فەرزەندى خەلەفى شاھرۇخ سۇلتاننىڭ زەمانىنىڭ ئاخىرىغىچە تۈركىي تىل بىلە شۇئەرا پەيدا بولدىلار... شۇئەرا سەككاكىي ۋە ھەيدەر خارەزمىي ۋە ئاتايى ۋە مۇقىمىي ۋە يەقىنىي ۋە ئەمىرىي ۋە گەدايىدەكلەر» دەپ يازىدۇ. دېمەك، يەقىنىي ئۆز دەۋرىدە ھىراتتا، ئۆز يۇرتلۇقلىرى ئارىسىدا ياشىغان.

ئەلىشىر نەۋايى يەنە «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» ناملىق ئەسىرىدە يەقىنىي ھەققىدە توختىلىپ شۇنداق دەيدۇ: «مەۋلانا يەقىنىي — تۈندراق مەشرەبلىق كىشى ئەردى. تۈركىي ۋە فارسىي شېئىر ئايتۇر ئەردى. تۈركىيچەسىدىن بۇ مەتلەئنى كۆپ مۇباھاتلار بىلە ئوقۇر ئەردى. بۇدۇركىم، بەيت:

ئاھكىم، جانىمغا يەتتىم يارى نادان ئىلكىدىن،
دادۇ فەرياد ئول جەفاچى ئافەتى جان ئىلكىدىن.

ئەمما فارسىيدىن بۇ مەتلەئى يامان ۋاقىئ بولمايدۇركىم، بەيت:

سۇبھىكى دەم بە مىھر نەزەد يەك نەفەس، تۇئى،
نەخلىيكى بەر نەخورەد ئەزۇ ھىچ كەس تۇئى.

ئاخىر دەمىدە بىئەدەبانە سۆزلەرىدىن تەۋبە قىلىپ، ئەھلى سەلاھ تەرىقى بىلە كەچتى. ئۈمىدكىم، مەغفۇر بولمىش بولغاي. قەبرى زەرەئى دۇ بەرادەراندادۇر».

نەۋايىنىڭ بۇ سۆزلىرىدىن «مەجالىسۇن ـ نەفائىس» يېزىلغان ۋاقىتتا يەقىنىينىڭ ئالەمدىن ئۆتكەنلىكىنى، ئەمما ئۇنىڭ ۋاپات بولغىنىغا ئانچە ئۇزاق بولمىغانلىقىنى بىلىۋېلىش مۇمكىن. نەۋايىنىڭ يەقىنىي ھەققىدىكى سۆزلىرىنى «مەجالىسۇن ـ نەفائىس»نىڭ 8 ـ مەجلىسىدە، يەنى ھۇسەين بايقارا ھەققىدىكى بابىدىمۇ ئۇچرىتىمىز: «مەۋلانا يەقىنىيگە جاۋاب ئايتىلىپتۇر. فەقىر ئىنساف بەرگەندەك ئەگەر مەۋلانا تىرىك بولسا ئەردى، ئىنساف بەرگەي ئەردى. مەتلەئى بۇدۇركىم، زىكر قىلىنۇر، بەيت:

ئەي ۋىسالىڭ خەستە كۆڭلۇم مەھرەمى ئارامى جان،
ئۆلمەدىم ھەجرىڭ ئېلىدىن مەن، قاتىغ جانلىغ يامان.

ھەم بۇ بەھر ۋە قافىيەدە يانا بىر شېئىردۇركىم، ئىككىلەسى بىر ـ بىرىدىن لەتفىراق ۋاقىئ بولۇپتۇر. مەتلەئى بۇدۇر، مەتلەئ:

ئەي سېنىڭ قاشۇ كۆزۈڭ سىر فىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە جانىمغا ھەياتى جاۋىدان».

ھۇسەين بايقارانىڭ يەقىنىينىڭ ئۆلۈمىدىن كېيىن يازغان ۋە ئەلىشىر نەۋايىغا مىسال كەلتۈرگەن غەزىلى:

* * *

«ئەي ۋىسالىڭ خەستە كۆڭلۈم مەھرەمى ئارامى جان،
ئۆلمەدىم ھىجران ئېلىدىن مەن، قاتىغ جانلىغ يامان.
دۇر ئىلە ھەردەم ساچارمەن لەئلىنى ئەشك ئورنىغا،
ئىككى ئالەم ئىچرە يوقدۇر كۆزلەرىمدەك بەھرۇ كان.
گەر فىراقىڭ مىھنەتى بۇدۇر مەنى بىچارەغە،
تاپماغايسەن بۇ مەنى دىلخەستەدىن نامۇ نىشان.
ھەرقاچان چىقساڭ خىرامان قەددۇ ئاغزىڭنى كۆرۈپ،
ئاھ بىرلە تەڭ چىقار ئولدەم بەدەندىن ئۇشبۇ جان.
ئاقىبەت بىر كۇن ھۇسەينىينى جەفا تىغى بىلە
قەتل قىلغۇمدۇر دېدىڭ، ئەي دوست، بىسمىللاھ رەۋان».

* * *

«ئەي سېنىڭ قاشۇ كۆزۈڭ سەر فىتنەئى ئاخىر زەمان،
لەبلەرىڭدۇر خەستە كۆڭلۈمگە ھەياتى جاۋىدان.
ئەي قۇياش يۈزلۈك سەنەم، ھالىم كۆرۈپ رەھم ئەيلەكىم،
يەتتى كۆككە ھەر نەفەس ھەجرىڭدە فەريادۇ فىغان.
ئەل ئاراسىدا نېچە سىررىمنى پىنھان ساقلادىم،
بۇ سارىغ يۈز ئاشكارا ئەيلەدى سىررى نىھان.
گەر خەيالىڭ بولسا مىھمان كۆڭلۈم ئۆيۈندە دەمى،
ئەيلەگەي يۈز سارى ھەردەم كۆزلەرىم گەۋھەر فىشان.
دېدىم: ئەي جان، دەردىمە ۋەسلىڭ بىلە بىر چارە قىل،
كۈلۈپ ئايتۇر: ئەي ھۇسەينىي، تۇتما مەندىن بۇ گۇمان».

يەقىنىينىڭ 16 ـ ئەسىرنىڭ باشلىرىدا كۆچۈرۈلگەن، تۈنجى سەھىپىسى (ۋارىقى) كەم بولغان «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى بۈگۈنگە قەدەر يېتىپ كەلگەن. بۇ ئەسەرنىڭ بىردىنبىر نۇسخىسى بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدىكى 7914 مەجمۇئەنىڭ 314a ـ 321a ۋاراقلىرى ئارىسىدا ساقلانماقتا. بۇ ئەسەر ئەڭ دەسلەپ شەرقشۇناس ئالىم چارلېز رېئۇ (Chales rieu)نىڭ تەتقىقاتى بىلەن 1888 ـ يىلى ئىلىم ئالەمگە مەلۇم بولغان. چارلېز رېئۇ شۇنداق دېگەن: «‹ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى› يەقىنىي تەرىپىدىن يېزىلغان. مەۋلانا يەقىنىي ‹مەجالىسۇن ـ نەفائىس›تا لۇتفىيدىن كېيىنلا تىلغا ئېلىنغان ۋە ‹تۈركچە ۋە فارسچە شېئىرلارنى يازاتتى، مىجەزى ناھايىتى قوپال، ئۆز بېشىمچى كىشى ئىدى. ئاخىرقى ئۆمرىدە ئەدەپسىز سۆزلىرىگە توۋا قىلىپ، ئەھلى سالا كىشىلەر قاتارىغا ئۆتتى. مازارى دۇبەرادەران زەرەتگاھىدىدۇر› دەپ يېزىلغان. يەقىنىينىڭ ‹ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى› ناملىق ئەسىرىدە سەككاكىي ۋە لۇتفىينىڭ شېئىرلىرىدىن نەمۇنىلەر باردۇر ۋە سەككاكىي تۈرك شائىرلىرىنىڭ ئەڭ يۇكسەكلىرىدىن دېيىلىدۇ».

يەقىنىينىڭ «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ناملىق ئەسىرى توغرىسىدا ئېرگەش رۇستەموف، فەخىر ئىز، مۆتىبەر ئابدۇللايېۋا، كەمال ئارسلان، تاھىر قاھھار، ئەيشەگۈل سەرتكايا قاتارلىق ئالىم ـ تەتقىقاتچىلار بۇ ئەسەر توغرىسىدىكى تەتقىقات نەتىجىلىرىنى ۋە ئەسەرنىڭ مەتىنىنى ئېلان قىلغان.

«ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى» ـــ ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا بەلگىلىك ئورۇن تۇتىدۇ. بۇ ئەسەر «ئوغۇزنامە»دىكى ئوق ۋە يا ھەققىدىكى ئېپىزوتقا ھەمدە «تۈركىي تىللار دىۋانى»دىكى «قىش ۋە ياز مۇنازىرىسى»گە ۋارىسلىق قىلغان ھالدا ئۇيغۇر مۇنازىرە ئەدەبىياتىنى تېخىمۇ يۇكسەكلىككە كۆتۈرگەن. شۇڭا، بۇ ھەقتە تېخىمۇ چوڭقۇرلاپ ئىزدىنىش ئالاھىدە ئەھمىيەتكە ئىگە. تۆۋەندە «ئوق ۋە يا مۇنازىرىسى»نىڭ بۈيۈك بېرىتانىيە مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان نۇسخىسىنىڭ فوتو كوپىيەسى ۋە ئۇنىڭ بۈگۈنكى يېزىقتا ئاغدۇرۇلغان مەتىنىنى ئوقۇرمەنلەرنىڭ دىققىتىگە سۇندۇق.

ایردیم ناگاه خوبلار جرگاسیدین آت جیقاریغان پریچهره بوز آتلیق
یکیت که لان قیلیب الکیدا اوق الیب اکینکا یا سالیب قیق اعالی
میدان باشیده عزم قیلدی نظم بوز آتلیق اول یکیت که جان نینگ صفا
عاشق کیشی نینگ آتیغ و جاوقیغ باسیبدور ، بنده شوق تیکان بیلا
قویدیم کر آیا بوتی خورشید تورکه تو چپس رحینده طلوع قیلیب تورو یا فی
گوک تورکیم چرخ نینگ اوقی دیک پایه سی گوک کا بیت تورو آتقی نینگ
یوده تیکا یاقیم ایرسا دیدیم کیم اگر بو آت جهونونکدیک جیدین آشا
جالیق بولماساییر گوکره بوتونگ تماشی یوق اردی بو سوزنی جلو دا ایکا
ایشیتیب جلوری ایلیک سیره قطری آتیم که بو میدان دا باری سینگ کا سپنی
قویدوتون که غضب قیلیب جاوجی جانیب سین آخر حضرت حق کا جواب
تا به الآن دمی توتولدی القصه بو خیال دا متفکر و بو احوال دا متحیر ایردیم

چون اول یکیت نینگ یاپی نینگ سوزی تیلیما وادی نینگ خیالی تیشوده اییه
ایکاچ کوتکلو ما کیمتی کیم بو کوکلکا دیکرو هیچ کیم سه ترک تیلی نینگ جیرنا
و فارسی الفاظی نینگ کوبرین ترکیب قیلیب اعق یانینگ شاه پسیندا
مناظره ترتیب قیلا بیدور کربو وجه دین عالمدا اندین نسخه قالغای
چون اوشبو سوز مرغوب و بو باعث محبوب کوریلدی بو مناظره تصنیفیه
شروع قیلدیم و امیدا اول کیم خوش طبع لار تا بو جینیدا استعمال و
[illegible] تعالی مناظره نینگ ابتدا سی پرکون [illegible]
صاحب طریق اهل قصه آتیغی بهادر یکیتلار دیاویک مجلس اسباب جمع
واوق ینک مخلی توروب پرکوشه دا اکشت کا جیب ادیبلار ناگاه
ترکستان طرفیدین پرایکی بوکوکلکان قری پرلان پرسپیده طلوع یکیت
یتیشیلار قوینه عزت بولسیندین اوتنگ قول ساری یکیت کا سوال قیل

ماتی نیچوک بیز دنیا ازمکیت نیق بولسیندین کیلیب صداق پیر تیر ابقار قیز
جیقیق و قری یکیت نه توپه بولی قولدین جوانغاد توشتی و قری
بالوسین ساحیب که مقابله یکیت تین سوال قیلدی کیم سین فی
جهت تین قریبی برت توتتی اوزنگ قولنی ییکیت یکیت جواب
بیردی کیم مین چینگیز خان چاغیدا ماوراء النهر کا توروب یا غیه
تیکیشکانی ایلیکاری یوروکان ادین سیوروغاب بدانغا د جیقاردی
و قری بیسمی کیش ایلیک قیلیب کیمنی تارتیلغان ادین آتی بیاز [illegible]
جهانغار دیر بیازدی وانینگ قاریغان جاغیدا [illegible]
ییگلیج اعزی سلیم و کیلیب یلا شیب اوزی کا ستیکور آلای آتی کیم
سین مینی قری کوروب کوج سیر ساغیب یکیت لیکیکا مغرور [illegible] بولوب
پیش کوهای سوتونکلو یک یوزدیر سوز آتینینگ و اوزونگ سلپار موسین

کیم بو دوردا هیچ کیم سه مینینگ خاشیمی تارتا الماس و اگر مینینگ کبی کیم
قاتسه یکیتلارنی معرکه دا بو مینین بو مشاتیب انفعال یرو مین نیچه تحمل
یابنیدا اینیکدیک تورمین کیم یاپی لار قرن لار پینکرمینی تا رادیلا
الچیدا اراساب کیشی کا درد دل قیلادیم بنده مین اول صاحب سخن
کیم تنکری تبارک و تعالی جل جلاله و حبیبی انبیاء علیه السلام مندین
اوزکا کیشی محرم ایماس اردی ایداق که کتاب و فقه مین آیتی قرانده
مینیدین خبر پروردو حضرت سید الابرار قاسم انوار قدس الله سره مینی
بسیندین مقدم توتوب قابل طالب لار غه کوبکوزوب اتجید نظم
کمان سو بتیرم زو زدوق تیرم کاش ، بسرعلیدم و گفتم فدایت با جانم زه
بیه مولانا محمد مغربی که معرفت مشرقینی تو باش تنکیب یادتی مینینگ
وصفیدا جام جهان نمای اتلیق دایره ترتیب قیلدی و توحید سرینی اهل

تحقیق اوچون اشارت اوقی هر لیه احادیث و احادیث قوپی دا
کیزلای و نامحرم لاردین بولارنی مینیک آتیغه اتاب تعیین قیلدی
چیه عبادت سبب طریقیدا املایکه دیک اهل محروم دین آخر غه دیکیه کوچ دا
ه ودمین و تقوی طریقیدا اکثر اوقات چله دودمین نیاز نیازمندلیق ته
یمشی بین غه قولاق توتارمین سرمجز هنگا قولاق توتا سلسله خواجگان
عزت بیلان خطاب قیلیه لار یادیرلار و اکرظرافت بیرلا ایتمی ایدیه
سالار محبوب قاشیغه مینیکرا تیب آی دیر لار بیت
یانگی آی اوخشاد نگاریم قاشیغه بلکه اهل هم کم کوره ونقاشیغه
نیابهادرلوق بیدا ایدا سرکیم مینیک توروم ساغیدا بولسام اوزومنی
قربان قیلامین و هرمین سبب هم کیم مینیک بیرلا سحرخیزلیق و درنش قیلیه
دین و دنیا دا بهره خورد از بولور تیه پهلوان محمود نیزاری دیک قدرانداز

دورمین نیچه کابیکاره مو کیم اوندوکنی لیکا نعمة اشطاب دیکمیدین نی
هکا شودین اوق بو شولارنی باشیکاچ اگر کونیچه کیمی باشلادی
آجیقتین آدمی کیم سینیک ایکی باشینگ غه بیدی کیم جنینک نوغمه دا
مونونکدنگ دعوی لار قیلودمین ناکی کیم سولفاویف ایرین اینیو
جوابیدی که کان خویش را اکرده زی تصرع کج او کمیکر یچه
[illegible] دان بخشش حکمیه توش سانگ لکری ایلیک نی کورب
خود تیک آتیغه تو تیب عتاب دیک قولاغینی توتلفاد واکر غرور
جامیندین ایسروب باشینگ پرمان بازینه کوشه کیر قولاغینگه اچه
بو فرچی بیرلا بو غرورنکنی بوفاز و اکر خلایق بیانکلا علیه یعه کیشی اکر
دیک بو بیونکا کیرشیش سایولار او لمای نیاد لوق لاشودمین
بیه لول ایکا پیس ادمین کیم غرا کونی سانجیش کالی بهادر لار ایدا

سنکلای جنیتام مین خود و مختین سار غار یب تیپس ایدا ایند اماشونودمین
و مین سرقاپیا پیشام قالغان نیک آل قانین اقرب بوزیکا
او قاجتیلادمین نیه سرکیم نینگ صواب نظری بولیه خطا بیز سیلو کیم
مین قبل یار مین نه مین اول قورشتور مین کیم عاشق لارنینگ
کونکلین اوبلاب رقیب لارنی قولارمین و مینیک تیلیدین مولف اینیو نظم
سرو پیه کبک که نهم تعیات بکریدوک کیم جیم زدن نیکرد اری ج
با آنکیم [illegible] اندی کشلو اینیو نظم داعی کم همت دل دشمن کم زنم
آن تیغ تیز تر تو کش نام کیدیت به هرقاید اسیو بریتیک قالیمنی
یاپیام مینیک تیمیدین قاچر نیک ارواحی اد جار د اکر توختغیه
توزلار دا یبولوقیام مینیک و همیدین بایز یلار نی بولغار و اکر تتا لار
اما سپید اجیران بورکو ک مغول چین خطایی لار نیک [illegible]

انتقالی نیک قوامه تکیلسام قانیغه کیرادمین انداق که مولف اینیو بیت
تادکینیک کیره کییک نیک قانیغه سج لیکاپمین او شبابک نیازوق
به کامی غایت تین الف تیک عاشق لارنینگ جانی ازاسیغه کیرازمین
و کامی اوق بیله نی دیک سر کیمیکا قاو ایسام مینیک ذهریدین جان
ایلماس بیه مین اول قورشتور مین کیم عاشق لاریغه هولدین نوبار
لار انداق که مولف اینیو بیت سوا قیلیه او تونک جان صبری اچون
اتی کونکلوم قوبی تقاضای ساوا دینا گر سوا قیلیه بو دا کیتیا ونکالی تا دک لارنینگ
جان بیله کونکلوم قوشی تقاضای ساوا لیکن ای کیم بیه جراسین دیک سیکت لار میدا اندا
مینیک تغایم بیرلا اوچالار بیه مین اول بیای اوج عزت تورمین
کیم اکر بیدا ز تیلسام فارغ بال آزاده لار مینیک تیکوسی جان قوشی نیک
قنا تی دیب قوانور لار انداق که خواجگی اتائی اینیو بیت

اول شهسوار ترکشی نینک اوقتین ایکی ییکیکی :: جان قوشی نینک تریک لایه بولغان قیلسته یده

یه اگر کار و اشیلار غه بیدو غه بولسا بولتی آز یعقوب الکومیین ایلدیقو بیز بوینیغه

تو ز بار و ز مین بسه مرقید ابز انوتو لسام مینی تار تار ای دیکان کیشی لار

جان تار تار لار اغاق که خواجه خسرو دهلوی محبوبلاریندین جانو تیکیب ایتیبدی

هر دو لم تیسر شته انده ی شود :: کز درون سینه جا نزار گشد

یه نی شکر کیم ایمان حلاوتی نینک تاتلیغ سوزیندین دود مینینک بیرلا

بیر بیر دا بوتوسب او لغایب تعدای اویا تیبز بالاستین مینی کوز کاچ

تعد قوتب سپهیدین اوز و نکا تو لدیدوز سین یای بیر کوز که سوز لادی

ایشکاج بغزی تغا تیتوجه کو لدی اما پرده بوشا مادی قاتیق سوز

با شلاب آیتی اند اق کیم جنوبی شاعرایتیب تور بیت

من آن نیم که ز تیر ملامت اندیشم :: غلام زوی بکمان ابروان کیشم

هر کجا مرغ دلی بال کشد بی الخلل :: ناکهان بیک خدنکیشه ابروز هوایش اندازد

بسه [illegible] آتیو کیم دینی نا دان کیم مین سینی

کمر [illegible] جیزیندین کم اوز و نکی تیا توتای سین

بسه شیخ صاحیت کم گلستاندا بلبل و یک هزار دستانی بار دو

مین باکلینیا ر تعاشیته تشبیه قیلیب ایتیو نظم هر بود دلم در چمن سرو روانی

زدیدم کر تیر قدی چو دمیانی :: یه خواجه حافظ شیرازی مینی مستعاب

الدو طلاو نینک قرعاشی سیب ایتیو نظم از بهر کرانه تیمو عاکردده ام ایمان نه

باشد کزان میانه بکی کار گر شود :: بسه خواجه کمال که لطافت و

ظرافتدا بیندا صاحب کمال ایردی مینی نا ریدن قامت لیتعلیم

انداملار تعریفیده تشبیه قیلیب ایتیو نظم هر که بر تیر قدتش چشمی نمی دوزد کمال

ماشی دارا ست بلیده حتی چشمش تر :: یه خواجه سلمان بمشا دلیکیده

یه سینی اوق جیلار بند بند قیلیب ایدوم انگدین بلیا نچه مینینک بیرلا

قلمده سه المادنیکیب بسه تو غزی لار بیرلان هم صحبت لیق قیلغان اوچون

برک نی [illegible] سوز وب انجیکینی یاد قیلیبلار ای نهال کی تحاکپیدی پیدا و زونکی

نیچ تو تار سین ای غیرت بیز پر بشاق اوچون هر بوته نینیک تو بیندا

خوشه چین لاله دیک تفراق قه باتیب خوزمینیکنی سینکا جرو دسین سینه

بیلوان لار قاشبیدا منینک ایو دین تا جیبیلار نی بیلا نهدا بیمینکه

تو فراق سا دو ر دز بیبن ایدی سینکا بو جرات قاییدین پیدا بولدی

کیم مینینک آلیدا توز تور وب اوق یاحیدین سوز لاشور سین و مینی

بیوسته صاحب حسن لار قاشیده مینکز ایتیب اتیورلار نظم

آن مه ابروی که تیر خدنکا تند بلند :: کر بصد قرن خیزد طرف کلاه تست

نمیشلیق لار معشوق قاشیه پیوسته تشبیه اوچون اوقلار بیت

یعنی کو روب مینی دلشاد غمزه سینه مینکز ایتیب ایتیور بیت

تیر خدنک غمزات از جان کذشت :: بهار غمزه تو جکوییم جهان کذشت

یه بیکاکی کیم ترک شاعر لار نینک مجتهدی دور مینینک سیابیت بلیغه ایتیور نظم

جانیم فدا بولسون مینینک غمزه نکا کیم :: هر نیچه قاشینک ایکیسی اوق تیک یوتی قیلور

یه مولانا لطفی که لطف طبع بیرله ظرفا ارا سیندا مشهور ایردی مینی حجاجی قیلغا

محبوب لار نینک غمزه سی دیب ایتیقه :: خدنکک غمزه سینی کو ر کاچ آیتیم


مینینک جانیمیز اوت سالغان سین کو وکین :: یه مولف که عشاق اما


محبت اوقینه نشانه بولدی مینی آه غم نسبت قیلیب ایتیور بیت

ز دل بر میکشم صد ناوک آه :: کر از جان بکند تیر تو ناکاه

یه سین زیاده بسر لیق قیلیب اوزونکنی خوبلار قاشیه مینکز اتعان

اوچون موافق حالیکا بعینه مولف ایتیور نظم






ئوقۇلغۇسى:

ناگەھ خوبلار چەرگەسىدىن ئات چىقارغان بىر ياخشى بوز ئاتلىق يىگىت جەۋلان قىلىپ، ئىلكىنە ئوق ئالىپ، ئىگىنگە يا سالىپ، قاپاق ئاتقالى مەيدان باشىغا ئەزم قىلدى. نەزم:

بوز ئاتلىق ئول يىگىتكى، جەھاننىڭ سەفاسىدۇر،
ئاشىق كىشىنىڭ ئاتلىغۇ چاۋلىغ بەلاسىدۇر.

بەندە شەفەقەتەك قان يىغلاپ دېدىمكى، «ئايا، بۇ نې خورشىدتۇركى، قەۋس بۇرجىندا تولۇئ قىلىپتۇر ۋە يا نې كەۋكەبتۇركىم، چەرخىنىڭ ئوقىدەك پايەسى كۆككە يېتىپتۇر؟» ئاتىنىڭ يۈرۈشىگە باقتىم ئەرسە، دېدىمكىم، «ئەگەر بۇ ئات مۇنۇڭدەك ھەددىن ئاشاچالىق بولماسا يەر - كۆكتە مۇنۇڭ ھەمتاسى يوق ئەردى». بۇ سۆزنى جىلاۋدارى ئېشىتىپ، چىلبۆردىلىك پەيدا قىلدى. ئايىتتىمكى، «بۇ مەيداندا بارى ساڭا نە قويۇشقۇنكى غەزەب قىلىپ، جاۋچى چاينارسەن!» ئاخىر سۆزۈمگە جەۋاب تاپا ئالماي دەمى تۇ-



تۆلدى.

ئەلقىسسە، بۇ خەيالدا مۇتەفەككىر ۋە بۇ ئەھۋالدا مۇتەھەييىر ئەردىم، چۈن ئول يىگىتنىڭ ياسىنىڭ سۆزى تىلىمدا ۋە ئوقىنىڭ خەيالى باشىمدا ئىكەچ، كۆڭلۈمدە كەچتىكىم: «بۇ كۈنگە دىگەرۇ سۆبھ كمەرسە تۈركىي تىلنىڭ جەۋھەرىن ۋە فارسى ئەلفازىنىڭ گەۋھەرىن تەركىب قىلىپ، ئوق ـ يانىڭ ئاراسىندا مۇنازىرە تەرتىب قىلمايدۇركى، بۇ ۋەجھدىن ئالەمدە ئاندىن نىشانە قالغاي»، دەپ چۈن ئۇشبۇ سۆز مەرغۇب ۋە بۇ بائىس مەھبۇب كۆرۈندى، بۇ مۇنازىرە تەسنىفىنە شۇرۇئ قىلدىم ۋە ئۈمىد ئولكىم، خۇش تەبئلەر تابۇغىدا مەقبۇل ۋە مەتبۇئ بولغاي، ئىنشائاللاھۇ تەئالا.

مۇنازىرەنىڭ ئىبتىداسى: بىر كۈنى بىر نەچچە ساھىبى تەرىق، ئەھلى قەبزە ئاتىمچى بەھادۇر يىگىتلەر يادەك مەجلىس ئەسبابىن قۇرۇپ ۋە ئوقتەك مەھفىلنى تۈزۈپ، بىر گۇشەدە گەشتىگە چىقىپ ئەردىلەر، نەگاھ تۈركىستان تەرەفىندىن بىر ئەگى پۈكۈلگەن قارى بىرلەن بىر سەرۋ بويلۇغ يىگىت يېتىشتىلەر. قارىغا ئىززەت يولىندىن ئوڭ قول سارى، يىگىتكە سول قول سارى يۈرت بەردىلەر.

يىگىت تۈز يولىندىن كېلىپ، ساداق بىرلە بەرانغارغا چىقتى ۋە قارى چەپ تۈشۈپ، سول قولدىن جەۋانغارغا تۈشتى ۋە قارى نامۇسىن ساغىنىپ، تەئەررۇز بىلە يىگىتتىن سۇئال قىلدىكىم: «كىم سەن، نې جىھەتتىن قارىنى ئىززەت تۇتماي، ئوڭ قولغا چىقتىڭ؟»

يىگىت جەۋاب بەردىكىم، «مەن چىنگىزخان چاغىدا ساداقتا چەرگە تۈزۈپ، ياغىغا تىگىشكەلى ئىلگەرى يۈرۈگەن ئۈچۈن (چىڭگىزخان مېنى) سىۋۇرغاپ بەرانغارغا چىقاردى ۋە قارى پەسكەشلىك قىلىپ، كېيىن تارتىلغان ئۈچۈن ئانى يازغۇرۇپ جەۋانغارغا يىبەردى». ۋە يانىڭ قارىغان چاغىندا بۇ سۆزلەر قولاغىغا يەتكەچ، ئاغزى يىلىمدەك يەملەشىپ، ئۆزىگە سىڭۇرە ئالماي ئايتتىكىم، «سەن مېنى قارى كۆرۈپ، كۈچسىز ساغىنىپ، يىگىتلىكىڭگە مەغرۇر بولۇپ، يۈز كۆرمەي مۇنۇڭدەك يۈزسىز سۆز ئايتتىڭ ۋە ئۆزۈڭ بىلمەسمۇسەنكىم، بۇ دەۋردە ھېچ كمەرسە مېنىڭ غاشىمنى تارتا ئالماس؟ ۋە ئەگەر مېنىڭ كەجگىم قاتسا، يىگىتلەرنى مەئرەكەدە بوينىن يۈمشاتىپ ئىنفىئال بېرۇرمەن. يەنە تەھەممۇل بابىندا ئانىڭدەكتۇرمەنكىم، ياپچىلار قەرنلەر سىڭىرىمنى تارادىلار، ئىچىمدە ئاسراپ كىشىگە دەردى دىل قىلمادىم.

بەس، مەن ئول ساھىبى سەرمەنكىم، تەڭرى تەبارەكە ۋە تەئالا جەللە جەلالۇھۇ ۋە ھەبىبى ئاراسىندا ئەلەيھىسسەلام مەندىن ئۆزگە كىشى مەھرەم ئەرمەس ئەردى، ئانداقكى، «قەبە قەۋسەين» ئايەتى «قۇرئان»دا مەندىن خەبەر بېرۇر ۋە ھەزرەتى سەييىدۇل ـ ئەھرار ئەمىر قاسىم ئەنۋار — قەددەسەللاھۇ سىررەھۇ — مېنى سەندىن مۇقەددەم تۇتۇپ قابىل تالىبلارغا كۆرگۈزۈپ ئايتۇر، نەزم:

كەمان ئەبرۇ بەتىرەم زەد، زى زەۋقى تىرى مۇژگانەش،
بە سەر غەلتىدەمۇ گۇفتەم فىدايەت باد جانەم رەھ.

يەنە مەۋلانا مۇھەممەد مەغرىبىيكى مەئرىفەت مەشرىقىنى قۇياشتەك يارۇتتى، مېنىڭ ۋەسفىمدە: «جامى جەھاننەماي» ئاتلىق دايىرە تەرتىب قىلدى ۋە تەۋھىد سىررىنى ئەھلى تەھقىق ئۈچۈن ئىشارەت ئوقى بىرلە ئەھادىس ۋە ۋەھدىيەت قەۋسىدە كىزلەدى ۋە مەھرەملەردىن بۇلارنى مېنىڭ ئاتىمغا ئاتاپ يەقىن قىلدى.

يەنە ئىبادەت تەرىقىندە مەلائىكەدەك ئەۋۋەل ئۆمرۈمدىن ئاخىرغە دىگەر رۇكۇدەدۇرمەن ۋە تەقۋى تەۋرىدە ئەكسەرى ئەۋقاب چىللەدۇرمەن. يەنە نىيازمەندلىقتە ياخشى ـ يامانغا قۇلاق تۇتارمەن، ھەر نېچە ماڭا قۇلاق تۇتماسلار ۋە ھەر قاچان ئىززەت بىلەن خىتاب قىلسالار، «يا» دەرلەر، ۋە ئەگەر زەرافەت بىرلە ئاتىمنى ئۆيۈرسەلەر، مەھبۇب قاشىغا مەڭزەتىپ «ئاي» دەرلەر. بەيت:

ياڭى ئاي ئوخشار نىگارىم قاشىنە،
بەلكى ئول ھەم كەم كۆرۈنۇر قاشىنە.

يەنە بەھادۇرلۇق مەيدانىدا ھەر كىمنىڭ قۇرۇمساغىدا بولسام «ئۆزۈمنى قۇربان قىلايىن» دەرمەن. بەس، ھەر كىم مېنىڭ بىرلە سەھەرخىزلىق ۋەرزىش قىلسا، دىنۇ دۇنيادا بەرخوردار بولۇر. يەنە پەھلەۋان مەھمۇد سەبزەۋارىيدەك قەدر ئەندازدۇرمەن. ساڭا تىگەرمۇكىم، ئۆزۈڭنى ئىلگەرۇ تاشلاپ ئوڭ يانىنى تالاشۇرسەن؟

ئوق بۇ سۆزلەرنى ئېشىتكەچ، كەز ـ كەز سەكرى باشلادى ۋە ئاچىقتىن ئايتتىكىم: «سېنىڭ ئىككى باشىڭ باردۇركىم، مېنىڭ يۈزۈمدە مۇنۇڭدەك دەئۋالار قىلۇرسەن؟» ئانداقكىم، مەۋلانا يۇسۇف ئەمىرىي ئايتۇر:

چۇ ئەبروىي تۇ، كەمان خىشرا ئەگەر دارەد،
زىھى تەسەۋۋۇرى كەج ئۇ مەگەر دۇ سەر دارەد.

ۋە ھەر قاچان يەزدان بەخش جەڭنە تۇشسەڭ، ئەگرىلىكىڭنى كۆرۈپ ئۇدتەك ئوتقا تۇتۇپ، رەبابدەك قۇلاغىڭنى تولغار ۋە ئەگەر غۇرۇر جامىندىن ئەسرۇب باشىڭ بىر يان بارسا، گوشەگىر قۇلاغىڭغا ئۇرۇپ، بوغەچى بىرلە بوغىزۇڭنى بۇغار ۋە ئەگەر خاتا قىلساڭ، ئۆلدۇرۇر كىشىلەردەك بوينۇڭا كىرىش سالۇرلار، ئۇيالماي بەھادۇرلۇق تالاشۇرسەن؟»

بەس، ئول ئەمەسمۇسەنكىم، غەزا كۈنى سانجىشقالى بەھادۇرلار ئالىندا ماڭلاي چىقسام، سەن قۇرقۇنچتىن سارغارىپ تەۋسەن ئاراسىندا ياشۇنۇرسەن ۋە مەن ھەر قايدا يەتسەم قالغانىڭ ئال قانىن ئاقدۇرىپ، يۈزىگە ئۆتە چىقارمەن. يەنە ھەر كىمنىڭ سەۋاب نەزەرى بولسا، خەتاسىز بىلۇركىم، مەن قىل يارارمەن. يەنە مەن ئۇل قۇشتۇرمەنكىم، ئاشىقلارنىڭ كۆڭلىن ئاۋلاپ، رەقىبلەرنى قاۋلارمەن ۋە مېنىڭ تىلىمدىن مۇئەللىف ئايتۇر، نەزم:

سەر دەر پەيى ھەر كەس كى نىھەم تا بە قىيامەت،
بىگۈرىزە دۇ يەك چەشم زەدەنۇ نىگەرەد ئەز پەست.

بەس، ئاتىم كەيبۇردۇر، ئانداق كىشىلەر ئايتۇر، نەزم:

داغىيكى، ھەست بەر دىلى دۇشمەن كۈنەد دۇ نىم
ئان تىيرى تىز پەررى تۇ كەش نام كەيپۇرەست.

بەس، ھەر قايدا سۇۋرىتەك قەناتىمنى يايسام، مېنىڭ سەھمىمدىن قاچىرنىڭ ئەرۋاھى ئۇچار، ۋە ئەگەر تۇغدەرىغە تۈزلەردە يولۇقسام، مېنىڭ ۋەھىمىمدىن يازىلارنى بۇلغار ۋە ئەگەر تاغلار ئاراسىندا جەيرەن كۆزلۈك موغۇلى چىن ۋە ختايىلارنىڭ ناۋەكىدەك ئىرغالىنىڭ قولىغا تىكىلسەم، قانىغا كىرەرمەن. ئانداقكى، مۇئەللىف ئايتۇر، بەيت:

ناۋەكىڭ كىرسە كىيىكنىڭ قانىغا،
ھېچ ھايىقماس ئېتىبان گۇنەھ يازۇق.

بەس، گاھى ئىنايەتتىن ئەلىفتەك ئاشىقلارنىڭ جانى ئاراسىغا كىرەرمەن ۋە گاھى ئوق بىلە نەيدەك ھەر كىمگە قادالسام، مېنىڭ زەھرىمدىن جان ئېلىتمەس. يەنە مەن ئول قۇشتۇرمەنكىم، ئاشىقلار مېنى ھەۋادىن تۇتارلار. ئانداقكى، مۇئەللىف ئايتۇر، بەيت:

«ھەۋا قىلسا ئوقۇڭ جان سەيدى ئۈچۈن،
ئانى كۆڭلۈم قۇشى تۇتقاي ھەۋادىن».

«گەر ھەۋا قىلسا يۈرەكتىن ئۆتكەلى ناۋەكلەرىڭ،
جان بىلە كۆڭلۈم قۇشى تۇتقاي ھەۋادىن، ئەي بەگىم».

يەنە جاراسۇندەك يىگىتلەر مەيداندا مېنىڭ قەناتىم بىرلە ئۇچالار. يەنە مەن ئول ھۇمايى ئەۋجى ئىز-زەتتۇرمەنكىم، ئەگەر پەرۋاز قىلسام، فارغىبال ئازادەلەر مېنىڭ يۈكۈمنى جان قۇشىنىڭ قەناتى، دەپ قوۋانۇرلار. ئانداقكى، خاجەكى ئەتايى ئايتۇر، بەيت:

ئول شەھسەۋار تەركەشىنىڭ ئوقىنىڭ يۈكى،
جان قۇشىنىڭ تىرىگلەتەن يۇلغان قاناتىدۇر.

يەنە ئەگەر كارۋانلارغا بەدرەقە بولماسا، يولنى ئازىقۇرلار ۋە مەن بەدرەقەسىز يولنى تۈز بارۇرمەن. بەس، ھەر قايدا تەرازۇ بولسام، مېنى تارتاي دېگەن كىشىلەر جان تارتارلار. ئانداقكى، خاجە خۇسرەۋ دېھ-لەۋىي مەھبۇب ئانىڭدىن جانغا تىگىپ ئايتۇر:

دەر دىلەم تىيرەت تەرازۇ مى شەۋەد،
كەز دەرۇنى سىنە جانرا بەر كەشەد.

يەنە نەيشەكەركىم، ئىمان ھالاۋەتىنىڭ تاتلىق سۆزىنىندىنىدۇر، مېنىڭ بىرلە بىر يەردە پۇتۇپ ئۆلغا-يىپتۇر. ئەي ئۆياتسىز يا، سەن مېنى كۆرگەچ قورقۇپ، سەھمىمدىن ئۆزۈڭنە تولدۇرۇرسەن.
ياي بۇ پۇر ئۆۋكە سۆزلەرنى ئېشىتكەچ، باغرى قاتقۇنچە كۈلدى. ئەمما، بىر زەررە يۇمشامادى. قاتىق سۆز باشلاپ ئايتتى: ئانداقكىم، جۇنۇنىي شائىر ئايتىپتۇر، بەيت:

مەن ئان نەيەمكى، زى تىيرى مەلامەت ئەندىشەم،
غۇلامى رۇيى كەمان ئەبرۇانى بەدكىشەم.

يەنە سېنى ئوقچىلار بەند ــ بەند قىلىپ، ئورتاڭدىن يارماغۇنچە مېنىڭ بىرلە قاۋۇشا ئالمادىڭ. بەس، ئوغرىلار بىرلەن ھەمسۇھبەتلىك قىلغان ئۈچۈن بەرگى نەي تونۇڭنى سويۇپ، ئىچىڭنى ياردىلار.
ئەي خاكىيى خاكسار، نەچە ئۆزۈڭنى رەنج تۇتارسەن؟ ئەي غەيرەتسىز، بىر باشاق ئۈچۈن ھەر بۇتەنىڭ تۈبەنىدە خۇشەچىنلەردەك تۇفراقتا ياتىپ، خىرمەنىڭنى يەلگە بېرۇرسەن. بەس، پەھلەۋانلار قاشىدا مېنىڭ ئەۋىمدىن قاچىپ، يازى يابانىدا باشىڭغا تۇفراق ساۋۇرۇرسەن. ئەمدى ساڭا بۇ جۇرئەت قايدىن پەيدا بولدى-كىم، مېنىڭ ئاللىمدا تۈز تۇرۇپ، ئوق ئەۋجىدىن سۆزلەشۇرسەن ۋە مېنى پەيۋەستە ساھىب ھەسەنلەر قاشىنە مەڭزەتىپ ئايتۇرلار، نەزم:

ئان دۇ ئەبرۇيى مۇقەۋۋەس دۇ كەمانەند بەلەند،
كى بەسەد قەرن چۇنىن تۇرفە كەمان نەتۋان ساخت.

يەنە ئاشىقلار مەئشۇق قاشىنە پەيۋەستە تەشبىھ ئۇچۇن ئوقۇرلار، بەيت:

هەر كۇجا مۇرغى دىلى بال كۇشايەد، فىلھال
بە كەمان گۇشەئى ئەبرۇ زى هەۋاش ئەندازەد.

بەس، ئوق بۇ سۆزلەرنى ئېشىتكەچ ئايتتىكىم: «زىهى نادانكى، سەن!» سەن مەگەر قارىغان جىھەتتىن خەرىق بولۇپسەنكى، ئۆزۈڭنى تىيە تۇتمايسەن!» بەس، شەيخى فاساھەتكى، «گۇلىستان»دا بۇلبۇلدەك هەزار داستانى باردۇر، مېنى گۇلئۇزار قامىتىنە تەشبىھ قىلىپ ئايتۇر. نەزم:

بەربۇد دىلەم دەر چەمەنى سەرۋى رەۋانى،
زەررىن كەمەرى، تىر قەدى، مۇر مىيانى.

بەس، خوجا ھافىز شىرازىي مېنى مۇستەجابۇد دەئۋەتلەرنىڭ دۇئاسى دەپ ئايتۇر، نەزم:

ئەز هەر كىرانە تىيرى دۇئا كەردەئەم رەۋان،
باشەد كەزان مىيانە يەكى كار گەر شەۋەد.

بەس، خاجە كەمالكى، لەتافەت ۋە زەرافەت بابىندا ساھىب كەمال ئەردى، مېنى نارۋەن قامەتلىق سىم ئەندامىلار قەدىنە تەشبىھ قىلىپ ئايتۇر، نەزم:

هەركى بەر تىيرى كەدەش چەشمى نەمىدۇزەد كەمال،
راستىرا راست بايەد دۇختەن، چەشمەش بە تىير.

يەنە خاجە سەلمان شەمشاددەك راستلىغىمنى كۆرۈپ، مېنى دىلشاد غەمزەسىنە مەڭزەتىپ، ئايتۇر، بەيت:

تىيرى خەدەنگى غەمزەئەت ئەز جانى ما گۇزەشت،
بەر ما زى غەمزەئى تۇ چى گۇيەم، چىھا گۇزەشت؟!

يەنە سەككاكىيكىم، تۈركىي شائىرلارنىڭ مۇجتەھىدىدۇر، مېنىڭ مۇناسىب هالىمغا ئايتۇر، نەزم:

جانىم فىدا بولسۇن سېنىڭ غەمزەڭ ئوقىنە نەچەكىم،
هەر نەچە قاشىڭ ئەگمەسى ئوقتەك بويۇمنى يا قىلۇر.

يەنە مەۋلانە لۇتفىيكى، لەتىف تەبئ بىرلە زۇرەفا ئاراسىندا مەشھۇر ئېرۇر، مېنى جەفاچى بىۋەفا مەھبۇبلارنىڭ غەمزەسى دەپ ئايتۇر:

خەدەنگى غەمزەسىنى كۆرگەچ ئايتتىم:
«مېنىڭ جانىمغا ئوت سالغان سەن ـ ئوقسەن!»

يەنە مۇئەللىفكى، ئۇشاق ئارا مۇھەببەت ئوقىنە نىشانە بولدى، مېنى «ئاھ»غا نىسبەت قىلىپ ئايتۇر، بەيت:

زى دىل بەر مىكەشەم سەد ناۋەكى ئاھ
كى ئەز جان بۇگزەرەد تىيرى تۇ ناگاھ.

يەنە سەن زىيادە سىرلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى خۇبلار قاشىنە مەڭزاتقان ئۈچۈن، مۇۋافىق ھالىڭغا بەئەينە مۇئەللىف ئايتۇر، نەزم:

بە ئەبروىي تۇكى، دەر ئەينى دىلبەرى تاقەست
گۇمانى كەجكى، كەمانراست ۋە زىيادە سەرەست.

يەنە ئايتتىڭكىم، «مېنىڭ ئەۋمەدىن قاچىپ تۈز تالاشۇرسەن» دەپ. بۇ سۆزنى خۇد راست ئايتتىڭ، ئەگەرچە ئەگرى سەن ۋە مەن راست، ئەمما بىزنىڭ ئارامىزدا ھېچ نەۋئ جىنسىيەت يوقتۇركى، مۇدام ۋەسلىيەت بولغاي دەپ، بۇ رۇبائىينى ئوقىدى:

با بەد مەنشىنۇ ھەم مەرەۋ خانەئى ئۇ،
دەر دام بىئۇفتى چۇ خورى دانەئى ئۇ.
تىير ئەز سەرى راستى كەمانرا كەج دىيد،
دىيدىيكى، چى گۇنە جەست ئەز خانەئى ئۇ.

بەس، ياي ئوقنۇڭ ئۆتكۈن سۆزلەرىن ئېشىتىپ، تەھەممۇل قىلا بىلمەي، ھىمايەت ئۈچۈن ئۆزىن كىرىشكە باغلادى ۋە كەچكەن مۇنازەرە ۋە مۇباھەسەنى تەقرىر قىلىپ ئايتتىكىم: «ئوق سەھمىدىن مۇنۇڭدەك ئىكى پۇكۇلۇپتۇرمەن ۋە يىللاردۇركىم زەھگىر بىرگە باش قوشۇپ، سېنى بارلاس دەپ خىدمەتگە تۇرۇپتۇربىز. ئەمدى تەڭرى ئۈچۈن بىزنىڭ ئارامىزدا ھەكەم بولۇپ ھاكىملاردەك بۇ بەھسنى ئايرىتقىل».

كىرىش بۇ سۆزنى ئېشىتكەچ، خاملىغىدىن پىچۇ تاب ئۇرۇپ، سۇمەن بۇيىلار سۇنبۇلىدەك ئۆزگە تولغانىپ، تاب كېلۇر ئالماي، زەھگىرگە ئايتتىكىم، «ئەگەر مەن بارلاس بولسام، سەن تارخاندۇرسەن. رەۋا بولغايمۇكىم، يا كۈچ قىلماي، ئوق ياغا كۈچ قىلغاي؟ ئەمدى مەسلەھەت ئولدۇركىم، ئانى ئانداق يىراق تاشلالىكىم، يانىڭ توزىنى تۇتيا قىلىپ تاپماغاي».

زەھگىر مۇنى ئېشىتكەچ، «خوش، بولغاي!» دەپ، يەتىمانە گىرۇ بەست كۆرسەتىپ، بارماغ كۆزىگە قويدى. كىرىش بىرلە ئىتتىفاق قىلىپ ئوقنى ئۆزىگە يەقىن تارتتىلار. ئوق ئالارنى ئۆزىدەك راست ساغىنىپ ئىلگەرى بارغاچ، كىرىش ئاغزىغا ئانداق تەپتىكىم، ئوقنىڭ ئاغزى تولا قان بولۇپ، قارۇندەك تۆبەن قارا يەرگە كىردى.

بۇ مۇنازەرەدىن مەقسۇد ئولكىم، بۇ دەۋرنۇڭ كەج تەبئەلەرىنىڭ قاشىندا ھەركىم يادەك ئەگرى بولسا، يانلارىدىن يىراق بولماس؛ ھەر كىم ئوقتەك راست بولۇپ، تۈز يۈرۈسە، يەقىنىيدەك يىراق تۈشەر. ئانداق

كى، ئاسىي شائىرنىڭ قىتئەسى بۇ سۆزنىڭ راستلىقىنى گۇۋاھلايدۇ:

هەر كى شۇد راست ئەندەرىن مەيدان،
هەر كۇجا رەفت بىھۇزۇر ئۇفتاد.
ئەز كەجى شۇد كەمان بە پەهلۇيى شاھ،
تىير ئەز راستى بە دۇر ئۇفتاد.

ئەگەرچە بۇ سۆزنىڭ ساھەتى ۋاسىئ ئەردى، شەنىئ كۆرۈنگەي دەپ سۆز ئىختىسار بولدى. ئۈمىدكىم، ئول راست تەبىئەت، مۇستەقىم زىھنلەرنىڭ مەھەكىدە بۇ نەقد تەمام ئىيار بولغاي ۋە بۇ سەفھەنى مۇتالە-ئە قىلىپ، بۇ نامەنىڭ سىيلەسى ئۇرنىغا ئەزىزلەردىن تەۋەققۇئ ئۇلكىم، نەزم:

يەقىنىينىڭ رەۋانىن شاد قىلغاي،
دۇئايى خەير بىرلەن ياد قىلغاي.

تۈگەندى ئوق يايىنىڭ مۇنازىرەسى. ۋەللاھۇ ئەئلەم.

يەشمىسى:
تۆۋەنقىسىز بىر ياخشى بوز ئاتلىق يىگىت ياخشىلار توپىدىن ئات چىقارغىنىچە جەۋلان قىلىپ، قولىغا ئوق ئېلىپ، مۇرىسىگە يا ئېسىپ، قاپاق ئاتقىلى مەيدان بېشىغا يۈردى. نەزم:

بوز ئاتلىق ئول يىگىتكى جەھاننىڭ سەفاسىدۇر،
ئاشىق كىشىنىڭ ئاتلىق ۋە چاۋلىغ بەلاسىدۇر.

پېقىر شەپەقتەك قان يىغلاپ دېدىمكى: «ۋاي، بۇ قانداق خۇرشىدتۇركى، كۆك بۇرجىغا تۇغۇپ چە-قىپتۇ ۋە يەنە قانداق يۇلتۇزدۇركى، پەلەك ئوقىدەك ئايىغى كۆككە يېتىپتۇ. ئېتىنىڭ يۈرىشىنى كۆرۈپ دېدىمكى: «ئەگەر بۇ ئات مۇندىن زىيادە ئاشىدىغان بولمىسا، ئاسمان ـ زېمىندا ئۇنىڭ تەڭدىشى بولمىغان بولاتتى». جىلاۋدارى بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ئاچچىقلىدى. ئېيتتىمكى، «بۇ مەيداندا ساڭا نېمە بار، نېمىگە ئاچچىقلاپ تىلىڭنى چايناپسەن؟» ئۇ كىشى ئاخىر سۆزۈمگە جاۋاب تاپالماي دېمى تۇتۇلدى.
ئەلقىسسە، مۇشۇ خىيالدا تەپەككۇر قىلاتتىم ۋە بۇ ئەھۋالغا ھەيران ئىدىم. ئاشۇ يىگىت ياسىنىڭ سۆزى تىلىمدا ۋە ئوقىنىڭ خىيالى بېشىمدا بولغاچ، كۆڭلۈمدە بۇ كۈنگە قەدەر ھېچكىممۇ تۈركىي تىل-نىڭ جەۋھىرى ۋە پارس سۆزلىرىنىڭ گۆھىرىدىن ئوق ۋە يا توغرىسىدا مۇنازىرە تەرتىپ قىلماپتۇ. شۇ-ڭا، ئالەمدە بۇنىڭدىن نىشانە قالغاي دەپ ئويلىدىم. بۇ سۆزلەر يېقىملىق ۋە بۇ سەۋەبلەر ئورۇنلۇق بىلىن-دى. شۇنىڭ بىلەن بۇ مۇنازىرىنى يېزىشقا كىرىشتىم. ئۈمىدىم شۇكى، خۇش تەبىئەتلىك كىشىلەرگە لايىق ۋە ئىبادىتىدە مەقبۇل بولغاي.
مۇنازىرىنىڭ مۇقەددىمىسى: بىر كۈنى بىر نەچچە ئۆلۈم يولىدا ئوق ئاتقۇچى باھادىر يىگىتلەر ئايلىنىشقا چە-قىپ مەجلىس ئەسلىھەلىرىنى قۇرۇپ، بىر بۇلۇڭدا ئورۇننى ئوقتەك راسلاپ ئولتۇراتتى، تۆۋەنقىسىز تۈركىستان تە-رىپىدىن بىر مۆكچەيگەن قېرى بىلەن بىر سەرۋى بويلۇق يىگىت يېتىپ كەلدى. قېرىغا ئىززەت قىلىپ ئوڭ تەرەپ-تىن، يىگىتكە سول قول تەرەپتىن ئورۇن بېرىلگەندى. يىگىت تۈز يولدىن كېلىپ ساداق بىلەن ئوڭ يانغا چىقتى، قېرى چەپ چۈشۈپ سول قولدىن سول يانغا چۈشتى. قېرى نومۇستىن ئاچچىقى كېلىپ يىگىتتىن سورىدى:

— سەن كىم ئىدىڭ، نېمىشقا قېرىغا ئىززەت كۆرسەتمەي ئوڭ قولغا چىقىسەن؟
يىگىت جاۋاب بېرىپ:
— مەن چىڭگىزخان زامانىدا ساداقىتا ھالقا تۈزۈپ، دۈشمەنگە قادالغىلى ئىلگىرى يۈرگىنىم ئۈچۈن مېنى تارتۇقلاپ ئوڭ يانغا چىقارغان، قېرى پەسكەشلىك قىلىپ كېيىن تارتىلغىنى ئۈچۈن ئۇنى جازالاپ سول يانغا چۈشۈرگەن، — دېدى.
بۇ سۆزلەر قېرىپ قالغان يانىڭ قۇلىقىغا يېتىپ ئاغزى يەملەشتى ھەمدە بۇ سۆزلەرنى سىڭدۈرەلمەي ئېيتتى:
— سەن مېنى قېرى كۆرۈپ، كۈچسىز دەپ ئويلاپ، يىگىتلىكىڭدىن مەغرۇر بولۇپ، يۈز قارىماي مۇشۇنداق يۈزسىز سۆزلەرنى قىلدىڭ. بۇ دەۋردە ھېچكىممۇ يېپىنچامنى تارتالمايدۇ. ئەگەر مېنىڭ زېرىم قاتسا، مەركىدە يىگىتلەرنىڭ بويىنىنى يۇمشىتىپ، ئۇلارنى خىجالەتتە قويىمەن. مەن يەنە تەمكىنلىك بابىدا شۇنداقتۇرمەنكى، يايچىلار ئەسىرلەر بويى سىڭدۈرىمنى تارىدى، بۇنى ئىچىمگە يۇتۇپ، كۆڭۈل دەردلىرىمنى ھېچكىمگە ئېيتمىدىم. بەس، مەن شۇنداق باشچىلارغا ئىگىمەنكى، بۈيۈك ۋە مۇبارەك تەڭرىتائالانىڭ دوستلىرى ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەندىن ئۆزگە كىشىگە مەھرەم ئەمەستى، بۇ تۇغرىسىدا «قۇرئان»دىكى «قابە - قەۋسەين» (ئىككى ياي ئارىلىقى) ئايىتىدە مەندىن خەۋەر بېرىلگەن. ياخشىلارنىڭ خوجىسى ھەزرىتى ئەمىر قاسىم ئەنۋار — ئاللا ئۇنىڭ سىرلىرىنى پاك قىلغاي — مېنى سەندىن ئىلگىرى قويۇپ قابىل ئوقۇغۇچىلارغا كۆرسىتىپ مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

كەمان ئەبرۇ بەتىرەم زەد، زى زەۋقى تىيرى مۇژگانەش،
بە سەر غەلتىدەمۇ گۇفتەم فىدايەت باد جانەم رەھ.

(قاشى كامان ماڭا ئوق ئاتتى، ئۇنىڭ كىرپىك ئوقى ئىشقىدىن يىقىلدىم ۋە «جېنىم يولىڭغا پىدا بولسۇن» دېدىم)
يەنە مەۋلانا مۇھەممەد مەغرىبىيمۇ مەرىپەت مەشرىقىنى قۇياشتەك يورۇتتى، ئۇ مېنىڭ ۋەسپىمدە «جامى جەھاننەماي» ئاتلىق ئاھاڭ ۋە نوتا ئىجاد قىلدى، تەۋھىد سارىيىنىڭ ھەقىقەت ئەھلى ئۈچۈن ئىشارەت ئوقى بىلەن ھەدىسلەر ۋە ۋاھىدىيەت كامانىدا ئوقلىدى ۋە مەھرەملەردىن بۇلارنى مېنىڭ ئاتىمغا ئاتاپ يېقىن قىلدى. ئىبادەت ئىشلىرىدا خۇددى مالايىكلاردەك ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرىغىچە روكۇدادۇرمەن، پەرھىزكارلىق رەۋىشىدە كۆپ ۋاقىتلاردا قىرىق كۈن ئىبادەتتە ئولتۇرىمەن، ھاجەتمەنلىكتە ياخشى - يامانغا قولاق سالىمەن، ھەر نەچچە ماڭا قۇلاق تۇتماسلار ۋە ھەر قاچان ئىززەت بىلەن خىتاب قىلىپ «يا» دېيىشىدۇ، ئەگەر چاقچاق تەرىقىدە ئاتىمنى ئۆرۈسە يار قېشىغا ئوخشىتىپ «ئاي» دېيىشىدۇ، بېيىت:

ياڭى ئاي ئوخشار نىگارىم قاشىنە،
بەلكى ئول ھەم كەم كۆرۈنۇر قاشىنە.

يەنە باھادىرلىق مەيدانىدا ئوقياچىلارنىڭ ئارىسىدا بولسام، ئۆزۈمنى قۇربان قىلاي، دەيمەن. بەس، ھەركىم ئۆزىگە مەن بىلەن ئەتىگەن تۇرۇشنى ئادەت قىلسا، دىن ۋە دۇنيادا شاد - خۇرام بولىدۇ. پالۋان مەھمۇد سەبزەۋارىيدەك ئابرۇيلۇقتۇرمەن، ئۆزۈڭنى ئالدىغا تاشلايسەن تېخى، ئوڭ تەرەپ ساڭا تېگەتتىمۇ.
ئوق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ سەكرەشكە باشلىدى ۋە ئاچچىقلىنىپ:
— مېنىڭ ئالدىمدا مۇشۇنداق داۋا قىلىدىغانغا سېنىڭ ئىككى بېشىڭ، ئىككى يۈزۈڭ بار؟ مەۋلانا

يۈسۈف ئەمىرىي مۇنداق ئېيتقان:

چۇ ئەبروىي تۇ، كەمان خىشرا ئەگەر دارەد،
زىھى تەسەۋۋۇرى ئۇ مەگەر دۇ سەد دارەد.

(كامان ئۆزىنى سېنىڭ قېشىڭغا تەڭ تۇتۇپ، بۇنداق ئەگرى تەسەۋۋۇردا بولىدىغانغا ئۇنىڭ بېشى ئىككىمىدى؟)

يەزدان بەخش جېڭگە چۈشسەڭ ئەگرىلىكىڭنى كۆرۈپ ئۇدتەك ئوتقا تۇتۇپ، راۋابتەك قۇلىقىڭنى تولغايدۇ؛ ئەگەر غۇرۇر جامىدىن مەست بولۇپ بېشىڭ بىر يانغا بارسا، خىلۋەتتە ئۇلتۇرغۇچى قۇلىقىڭغا ئۆرۈپ، بوغقۇچ بىلەن بوغمىڭنى بوغىدۇ؛ ئەگەر خاتا قىلساڭ ئۆلتۈرۈلىدىغان كىشىلەردەك بوينۇڭغا كىرىش سالىدۇ. ئۇيالماي باھادىرلىق تالىشسەن، تېخى. بەس، ئۆرۈش كۈنى سانجىشقىلى باھادىرلار ئالدىدا يۈزۈمنى چىقارسام، سەن قورقۇپ سارغىيىپ تولپارلار ئارىسىدا يوشۇرۇنسەن، مەن ھەر جايغا يەتسەم قالغانلارنىڭ قىزىل قانلىرى ئاقىرىپ چىرايىغا قەدەر چىقىدۇ، كىمنىڭكى نەزىرى ئۆتكۈر بولسا، مېنىڭ قىل يارىدىغىنىمنى ئېنىق بىلىدۇ، مەن شۇنداق بىر قۇشتۇرمەنكى، ئاشىقلارنىڭ كۆڭلىنى ئوۋلاپ، رەقىبلەرنى قوغلايمەن، مېنىڭ تىلىمدىن مۇئەللىپ مۇنداق ئېيتىدۇ، نەزم:

سەر دەر پەيى ھەر كەس كى نىھەم تا بە قىيامەت،
بىگۇرىزەدۇ يەك چەشم زەدەنۇ نىگەرەد ئەز پەست.

(مەن كىمنىڭ ئايىقىغا باش قويسام، شۇ قىيامەتكىچە مەندىن قاچىدۇ ۋە ماڭا بى دەقىقىمۇ قايرىلىپ قارىمايدۇ.)

بەس، ئاتىم كەيپۇردۇر ۋە مۇنداق ئېيتقاندۇر، نەزم:

داغىيكى، ھەست بەر دىلى دۇشمەن كۇنەد دۇ نىم،
ئان تىيرى تېز پەررى تۇ كەش نام كەيپۇرەست.

(كەيپۇر ئاتالغۇچى ئۆتكۈر ئوق دۈشمەن دىلىدىكى قارا داغنى ئىككىگە بۆلۈپ تاشلايدۇ.)

ھەر جايدا قالغاندەك قانتىمنى يايسام، مېنىڭ شاملىمىدىن قېچىرىنىڭ ئەرۋاھى ئۇچىدۇ؛ ئەگەر تۆزلەڭلىكتە دۇغداققا يولۇقسام، ئۇ مېنىڭ ۋەھىمەمدىن چۆللەرنى بۆلغايدۇ؛ ئەگەر تاغلار ئارىسىدا جەرەن كۆزلۈك مۇغۇل، چىن ۋە قىتانلارنىڭ ئوقىدەك دۈشمەننىڭ قولىغا قادالسام، قانغا كىرىمەن، مۇئەللىپ مۇنداق ئېيتىدۇ، بېيىت:

ناۋەكىڭ كىرسە كىيىكنىڭ قانىغا،
ھېچ ھايىقماس ئېتىبان گۇنەھ يازۇق.

بەس، گاھىدا ياخشىلىقتىن ئەلىفتەك ئاشىقلارنىڭ جانى ئارىسىغا كىرىمەن، گاھىدا ئوق بىلەن قوشتەك ھەركىمگە قادالسام، زەھىرىمدىن جان تاپمايدۇ. مەن شۇنداق قۇشتۇرمەنكى، ئاشىقلار مېنى ھاۋادىن تۇتۇشىدۇ. مۇئەللىپ مۇنداق ئېيتىدۇ، بېيىت:

«ھەۋا قىلسا ئوقۇڭ جان سەيدى ئۇچۇن،

ئانى كۆڭلۈم قۇشى تۇتقاي ھەۋادىن».

«گەر ھەۋا قىلسا يۈرەكتىن ئۆتكەلى ناۋەكلەرىڭ،
جان بىلەن كۆڭلۈم قۇشى تۇتقاي ھەۋادىن، ئەي بەگىم».

جەسۇر يىگىتلەر مېنىڭ قانىتىم بىلەن مەيداندا ئۇچىشىدۇ. مەن يەنە ھۇمايدەك ئىززەتلىكمەنكى، ئەگەر پەرۋاز قىلسام، كۆڭلى خاتىرجەم كىشىلەر مېنىڭ يۈكۈمنى جان قۇشىنىڭ قانىتى، دەپ خۇرسەن بولىشىدۇ. خاجە ئەتايى مۇنداق ئېيتىدۇ، بېيىت:

ئول شەھسەۋار تىركەشىنىڭ ئوقىنىڭ يۈكى،
جان قۇشىنىڭ تىرىگلاتە يۇلغان قەناتىدۇر.

ئەگەر كارۋانلارغا يول باشلىغۇچى بولمىسا، يولدىن ئازىدۇ؛ مەن يول باشلىغۇچىسىزمۇ يولنى تۈز يۈرىمەن. ھەر جايدا تارازا بولسام، مېنى تارتىمەن دېگەنلەر جان تارتىدۇ، خاجە خىسرەۋ دېھلەۋىي مەھبۇبەتىن يەتكەن جاپالار جېنىغا تېگىپ مۇنداق ئېيتقان:

دەر دىلەم تىرەت تەرازۇ مىشەۋەد،
كەز دەرۇنى سىنە جانرا بەر كەشەد.

(ئوقۇڭ دىلىمدا تارازا بولۇپ، كۆكسۈمدىكى جاننى تارتىدۇ).
شېكەر قومۇش ئىمان ھالاۋىتىنىڭ تاتلىق سۆزىدىندۇر، ئۇ مېنىڭ بىلەن بىر يەردە پۈتۈپ زورايغان. ئەي ئۇياتسىز يا، سەن مېنى كۆرۈپ قورقۇپ، كۆڭلۈڭنى ۋەھىمە قاپلىدى.
يا بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ، باغرى قاتقۇچە كۈلدى. ئەمما ئازراقمۇ يۇمشىماي قاتتىق سۆز باشلاپ ئېيتتى:
— جۇنۇن شائىر مۇنداق ئېيتقان، بېيىت:

مەن ئان نەيەم كى، زى تىيرى مەلامەت ئەندىشەم،
غۇلامى روىى كەمان ئەبرۇۋانى بەدكىشەم.

(مەن مالامەت ئوقىدىن قورقىدىغانلاردىن ئەمەس، لېكىن پەيلى يامان كامان قاشلىق يۈزلەرنىڭ قۇلىمەن).
ئوقچىلار سېنى بوغۇم - بوغۇم قىلىپ ئورتاڭدىن يارمىغۇچە مەن بىلەن بىر يەردە بولمىدىڭ. بەس، سەن ئوغرىلار بىلەن ھەمسۆھبەتتە بولغانلىقىڭ ئۈچۈن قومۇش ياپرىقىدىن ئىبارەت تونۇڭنى سالدۇرۇپ ئېچىڭنى يارغاندۇر. ئەي پەسكەش ئوق، نېمىگە ئازابلىنىسەن؟ ئەي غەيرەتسىز، بىر باشاق ئۈچۈن ھەر قاچىنىڭ تۈۋىدە باشاق تەرگۈچىلەردەك توپىغا مىلىنىپ، خامىنىڭنى شامالغا بېرىسەن. بەس، پالۋانلار قېشىدا مېنىڭ ئۈيۈمدىن قېچىپ دەشت باياۋاندا بېشىڭغا تۇپراق چاچىسەن. مېنىڭ ئالدىمدا تىك تۇرۇپ ئوقنىڭ كىچىكلىكى توغرىسىدا سۆزلەيسەن، ساڭا بۇ جۈرئەت نەدىن پەيدا بولدى؟ مېنى گۈزەللەرنىڭ قوشۇما قېشىغا ئوخشىتىپ مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

ئان دۇ ئەبرويى مۇقەۋۋەس دۇ كامانەند بۇلەند،

كى بە سەد قەرن چۇنىن تۇرفە كەمان نەتۋان ساخت.

(ئۇ ئەگمە قاشلار ئىككى چوڭ كاماندۇر، بۇنداق كامانني يۈز ئەسىردىمۇ ياساپ بولغىلى بولمايدۇ).
يەنە ئاشىقلار مەشۇقىنىڭ قوشۇما قېشىغا ئوخشىتىپ مۇنداق ئوقۇيدۇ، بېيىت:

هەر كۇجا مۇرغى دىلى بال كۇشايەد، فىلھال،
بە كەمان گۇشەئى ئەبرۇ زى هەۋاش ئەندازەد.

(كۆڭۈل قۇشى نەدە قانات قاقسۇن، دەرھال قاشنىڭ كامان ھوجرىسىغا كېلىپ يىقىلىدۇ).
بەس، ئوق بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ ئېيتتى:
ـــ سەن تولىمۇ نادانسەن. قېرىغان بولساڭمۇ تەن بەرمەيسەن. بەس، پاساھەتلىك شەيخ «گۈلىستان»دا بۇلبۇلدەك سايراپ ئېيتقان مىڭ داستانى بار، مېنى گۈلئۇزار قامىتىگە ئوخشىتىپ مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

بەربۇد دىلەم دەر چەمەنى سەرۋى رەۋانى،
زەررىن كەمەرى، تىير قەدى، مۇر مىيانى.

(دىلىنى چىمەندە بىر سەرۋى قامەت، زەر كەمەرلىك، ئوقتەك تۈز قەدلىك، غۇنچە بەل مەپتۇن قىلدى).
بەس، ھافىز شىرازىي مېنى تىلەك تىلىگۈچىلەرنىڭ دۇئاسى دەپ ئېيتقان، نەزم:

ئەز هەر كىرانە تىيرى دۇئا كەردەئەم رەۋان،
باشەد كەزان مىيانە يەكى كار گەر شەۋەد.

(ھەر تەرەپتىن دۇئا ئوقىنى يوللىدىم، ئۈمىدىم، ئۇلاردىن بىرەرى ئەسەر قىلىپ قالسىدى).
بەس، نازۇكلۇق بابىدا كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇ مېنى سەرۋىدەك تۈز قامەتلىك، كۈمۈش تەنلىكلەرگە ئوخشىتىپ مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

هەركى بەر تىيرى كەدەش چەشمى نەمىدوزەد، كەمال،
راستىرا راست بايەد دوختەر، چەشمەش بە تىير.

(ئەي كامال، ھەركىم ئۇنىڭ ئوقتەك قەددىگە كۆز تىكەلمەيدۇ، چۈنكى توغرا نەرسىگە توغرا كۆز بىلەن قاراش لازىم، ئۇنىڭ مەككار كۆزىنى ئوق بىلەن تىكىش كېرەك).
يەنە خاجە سەلمان شەمشادتەك تۈزلىكىمنى كۆرۈپ، مېنى دىلشاد ئىشارىسىگە ئوخشىتىپ مۇنداق ئېيتقان، بېيىت:

تىيرى خەدەنگى غەمزەئەت ئەز جانى ما گۇزەشت،
بەر ما زى غەمزەئى تۇ چى گۇيەم، چىها گۇزەشت؟!

(ناز ـ كەرەشمىنىڭ قاتتىق ئوقى جېنىمىزدىن ئۆتتى، سېنىڭ ناز ـ كەرەشمەڭدىن بىزنىڭ بېشىمىزدىن نېمىلەر ئۆتكىنى توغرىسىدا نېمە دەي؟)

يەنە تۈركىي شائىرلارنىڭ ئىجتىماتلىقى سەككاكىي مېنىڭ ھالىمغا مۇناسىپ مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

جانىم فىدا بولسۇن سېنىڭ غەمزەڭ ئوقىنە نەچەكىم،
ھەر نەچە قاشىڭ ئەگمەسى ئوقتەك بويۇمنى يا قىلۇر.

يەنە مەۋلانا لۇتفىي مۇلايىم تەبىئىتى بىلەن نازۇك پىكىرلىكلەر ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى، ئۇ مېنى جاپاكەش بىۋاپا مەھبۇبلارنىڭ ناز ـ كەرەشمىسى دەپ ئېيتقان:

خەدەنگى غەمزەسىنى كۆرگەچ ئايتتىم:
مېنىڭ جانىمغا ئوت سالغان سەن ـ ئوقسەن!

يەنە ئاشىقلار ئارىسىدا مۇھەببەت ئوقىغا نىشان بولغان مۇئەللىپ مېنى «ئاھ»قا ئوخشىتىپ مۇنداق ئېيتقان، بېيىت:

زى دىل بەر مىكەشەم سەد ناۋەكى ئاھ،
كى، ئەز جان بۇگزەرەد تىيرى تۇ ناگاھ.

(سېنىڭ ئوقۇڭ جاندىن ئۆتسە، جان يۈز ئاھ ئوقىنى تارتىدۇ).
سەن يەنە زىيادە سىرلىق قىلىپ ئۆزۈڭنى ياخشىلارنىڭ قېشىغا ئوخشاتقىنىڭغا مۇۋاپىق قىلىپ مۇ-ئەللىپ مۇنداق ئېيتقان، نەزم:

بە ئەبرويى تۇ كى، دەر ئەينى دىلبەرى تاقەست،
گۇمانى كەجكى، كەمانراست ۋە زىيادە سەرەست.

(گۈزەللىكتە تەڭداشسىز قېشىڭ توغرىسىدا كامانىڭ يامان گۇماندا بولۇشى ئۇنىڭ مەغرۇرلىنىپ بېشى-نى يۇقىرى كۆتۈرگەنلىكىدىندۇر).
سەن يەنە «مېنىڭ ئۆيۈمدىن قېچىپ تۈزلۈك تالىشىسەن» دەپ ئېيتقانىدىڭ، بۇ سۆزنى تولىمۇ راست ئېيتتىڭ، سەن ئەگرى بولساڭ، مەن تۈز. ئارىمىزدا دائىم بىردەكلىك ھاسىل بولۇش ئۈچۈن ھېچقانداق ئورتاقلىق يوق دەپ بۇ رۇبائىينى ئوقۇدى:

با بەد مەنىشىنۇ ھەم مەرەۋ خانەئى ئۇ،
دەر دام بىيۇفتى چۇ خورى دانەئى ئۇ.
تىير ئەز سەرى راستى كەمانرا كەج دىيد،
دىيدىيكى، چى گۇنە جەست ئەز خانەئى ئۇ.

(يامان بىلەن ئولتۇرما، ئۇنىڭ ئۆيىگىمۇ بارما، ئەگەر ئۇنىڭ دانىسىدىن يېسەڭ، تۇزاققا چۈشىسەن؛ ئوق-نىڭ راستلىق قىلىپ ئاخىرى نىيىتى قارا كامانىڭ ئۆيىدىن قانداق قوغلانغانلىقىنى كۆرگەنسەن!؟)
بەس، يا ئوقنىڭ ئۆتكۈر سۆزلىرىنى ئاڭلاپ، تاقەت قىلالماي ھىمايە تەلەپ قىلىپ، ئۆزىنى كىرىچكە

باغلىدى ھەمدە بولۇپ ئۆتكەن مۇنازىرە ۋە تالاش ـ تارتىشلارنى تىلغا ئېلىپ ئېيتتى:

ــ ئوق خەۋپىدىن مۇشۇنداق ئىككى پوكولوپتۇرمەن ۋە يىللاردىن بېرى كىرىچ بىلەن بىللە باش قوشۇپ سېنى بارلاس دەپ خىزمىتىڭگە تۇرۇپتۇرمىز. ئەمدى تەڭرى يولىدا بىزنىڭ ئارىمىزدا ھاكىم بولۇپ، ھاكىملاردەك ئارىمىزدىكى تالاش ـ تارتىشنى ئايرىغىن.

كىرىچ بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، خاملىقىدىن پوچۇلىنىپ، سۆمەن بويلار سۇنبۇلىدەك تولغىنىپ كوچىيەلمەي، تانىغا ئېيتتى:

ــ ئەگەر مەن بارلاس بولسام، سەن تارخاندۇرسەن، يا كۆچمەي، ئوق ياغا كوچسە راۋا بولامدۇ؟ ئەمدى مەسلىھەت شۇكى، ئۇنى شۇنداق يىراققا تاشلايلىكى، يانىڭ تۇزىڭنى تۇتىيا قىلغاي.

زەھگىر بۇنى ئاڭلاپ «خوش، ماقۇل» دەپ يىگانە يوغان بەستىنى كۆرسىتىپ، بارماق كۆزىگە قويىدى. كىرىچ بىلەن ئىتتىپاق تۇزۇپ ئوقنى ئۆزىگە يېقىن تارتتى. ئوق ئۇلارنى ئۆزىگە ئوخشاش تۇز دەپ ئويلاپ ئالدىغا بارغانىدى، كىرىچ ئۇنىڭ ئاغزىغا شۇنداق تەپتىكى، ئوقنىڭ ئاغزى قانغا تولۇپ، قارا يەرگە قارۇندەك كىردى.

بۇ مۇنازىرىدىن مەقسەت شۇكى، بۇ دەۋرنىڭ تەتۈر مىجەزلىرى قېشىدا ھەركىم يادەك ئەگرى بولسا يانلىرىدىن يىراق بولماس ۋە كىمكى ئوقتەك راستچىل بولۇپ تۇز يۈرسە يەقىنىيدەك يىراق چۈشىدۇ. شائىرنىڭ قىتئەسى بۇ سۆزنىڭ راستلىقىغا گۇۋاھدۇر:

ھەر كى شۇد راست ئەندەرىن مەيدان،  
ھەر كۇجا رەفت بىھوزۇر ئۇفتاد.  
ئەز كەجى شۇد كەمان بە پەھلۇيى شاھ،  
تىير ئەز راستى بە دۇر ئۇفتاد.

(كىمكى بۇ مەيداندا راستچىل بولسا، قەيەرگە بارسا ھالاۋەتى كەم بولىدۇ؛ كامان ئەگرىلىكى بىلەن شاھ يېنىدىن ئورۇن ئالدى، ئوق تۈزلىكىدىن يىراقلارغا بېرىپ چۈشتى).

بۇ توغرىدا سۆزنىڭ دائىرىسى كەڭ ئىدى، يىغىشسىز بولۇپ قالمىسۇن دەپ سۆز قىسقارتىلدى. ئۈمىد شۇكى، راستچىل، ئەقلى ساغلام كىشىلەرنىڭ نەزىرىدە بۇ بايلىقنىڭ چىن ياكى ساختىلىقى مەلۇم بولغاي ۋە بۇ سەھىپىنى مۇتائىلە قىلىپ بۇ نامەنىڭ ئىنئامى ئورنىغا ئەزىزلەردىن ئۈمىد شۇكى، نەزم:

يەقىنىينىڭ رەۋانىن شاد قىلغاي،  
دۇئايى خەير بىرلەن ياد قىلغاي.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى «شىنجاڭ ياشلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمىدىن)

# قەدىمكى ئۇيغۇر تىل - يېزىقىدىكى «يىغلاغۇ بودساتۋانىڭ ھېكايىسى»*

نەشرگە تەييارلىغۇچى: رازىيە نۇرى

49

136. anṭaγ ögrünč üzä qalŋurmïš täg bolup yorïyu

136) بۇ سۆزنى ئاڭلاپ ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋا خۇشاللىقتىن ئايلىنىپ كەتكەندەك بولۇپ يول يۈردى، بىر ئاز يول يۈرگەندىن كېيىن،

9 - بەت

137. anïŋ ara yänä inčä tep [tedi]:

138. "amtï m(ä)n qayu üdtä körür ärki m(ä)n darma uḍgati bodisatvïγ,

äšidgäli bolur ärki m(ä)n piratya p(a)ramitïγ?" tep.

inčä qaltï

137) يەنە (كۆڭلىدە):

138) «ئەمدى قاچانمۇ دارما ئۇدگاتى بودساتۋانى كۆرەلەرمەن،

پىراتيا پىرامىتنى ئاڭلىيالارمەن؟» دەپ ئويلىدى. خۇددى

50

139. aγuluγ oqïn ursuqmïš kiši yintäm oq tartdačï yana oq saqïnïp

adïn öŋi saqïnčïγ saqïnmaz ärsär,

140. ančulayu oq ymä saḍapira uruḍiṭa bodisatv

139) زەھەرلىك ئوق تەگكەن كىشى پەقەت ئوق تارتقۇچىنىلا ئويلاپ

باشقا ھېچ نېمىنى ئويلىمىغاندەك

140) ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋامۇ پەقەت

* بېشى ئالدىنقىساندا.

141. alqu üdün darm uḍgati bodisatvïγ oq saqïnur ärti.

141) ھەر ۋاقىت دارما ئۇدگاتى بوٴدساتۋانىلا ئويلايتتى.

51

turïṭmaqsïz köŋüllüg sadapira urudita bodisatv

142. turmïš oronïntïn täprämätin munï täg saqïnmaq üzä

143. tolp qamaγ nomlarda tïdïγsïz bilmäk uqmaqï tuγup

144. turum ara ülgüsüz üküš dyan qapïγlarïŋa kirmiš boldï.

ئۆزگەرمەس كۆڭۈللۈك ساداپىرا ئۇرۇدىتا بوٴدساتۋا

142) تۇرغان ئورنىدىن تەۋرىمەستىن مۇشۇ ئويلار بىلەن (كۆڭلىدە)

143) ھەممە نوملارنى توسالغۇسىز بىلىش، ئۇقۇش ئارزۇسى تۇغۇلۇپ،

144) دەرھال چەكسىز ديانلار دەرۋازىسىغا كىردى

52

antïrḍïn ulam burhanlarnïŋ sam(a)ḍi dyanïŋa kirip

145. alqu ontun sïŋarqï burhanlarnïŋ bodisatvlar quvraγïŋa

arïš arïγ pir(a)tya p(a)ramitïγ nomlamïšïn

146. ačoq adïrtl(ï)γ bäkiz bälgülüg kördäči boldï.

ھەمدە بوٴرخانلارنىڭ سامادىي ديانىغا كىرىپ

145) بارلىق ئون تەرەپتىكى بوٴرخانلارنىڭ[1] بوٴدساتۋالار جامائىتىگە

پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىتنى سۆزلەۋاتقانلىقىنى

146) ناھايىتى ئوچۇق، ئېنىق كۆردى.

53

ol üdün alqu ančulayu kälmišlär

147. uluγ ünin bodisatvïγ ögä küläyü inčä tep yarlïqadïlar:

148. "uz qïldïŋ, ädgü ädgü, tözünlär oγulï-ya!

uγay sän bilgä bilig p(a)ramitïγ bütürgäli.

شۇ ۋاقىتتا بارلىق تاتاگاتالار[2]

147) بوٴدساتۋانى ئۈنلۈك ئاۋازدا مەدھىيەلەپ ماختاپ مۇنداق دېدى:

148) ئۈز قىلدىڭ، ھەي ئېسىل، ئېسىل ئوغلان،

سەن بىلگە بىلىگ پارامىتى چوقۇم پۈتكۈزەلەيسەن.

54

149. ašnuča biz ymä bodisatvlar yorïqïnda qatïγlanur ärkän sini täg ök

150. alqïnčsïz üküš dyanlarda bilgä biligim(i)z üzä bilgä bilig

p(a)ramitïγ bütürtümüz.

anïŋ tïlṭaγïnda körüp alqu burhanlarïγ

149) بىز بۇرۇن بۇدساتۋالار يولىدا تىرىشقاندا خۇددى سەندەك
150) چەكسىز كۆپ دىيانلاردا بىلگە بىلىگىمىز بىلەن بىلگە بىلىگ پارامىتىنى پۇتكۈزدۇق،
بۇنىڭلىق بىلەن ھەممە بۇرخانلارنى كۆرۈپ
151) ئاۋياۋارتىڭ ئورۇنىدا تۇرالىدۇق.
55

amtï biz yinčürsär istäsär biz alqu dyanlarnïŋ tözin,

152. arïṭï yoq ärür kirgülüki üngülüki.

153. ančulayu oq körmäz biz bodisatv yorïqlarïn,

ap ymä üzäliksiz köni tüz tuymaqïγ buldačïlarïγ.

ئەمدى بىز ھەممە دىيانلارنىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا ئويلىنىدىغان بولساق،
152) (ھەممە نوملارنىڭ) كىرىشى ۋە چىقىشى بولمايدۇ.
153) يەنە بۇدساتۋالار يولىنىمۇ
ھەم ھەقىقىي تۇيغۇغا ئېرىشكۈچىلەرنىمۇ كۆرمەسمىز.
10 ـ بەت

154. ančata biz körtümüz alqu nomlarnïŋ quruγ arïγ bolγuluqsuz tözin.

155. adqanmaq saqïnčlarïγ tarqarmaq üzä,

156. anïn bultumuz otuz iki lakšanlarqa tükällig säkiz on nayraγlar üzä eṭiglig

157. altun öŋlüg ätözüg, ulatï burhanlarnïŋ saqïnu sözläyü yetinčsiz ädgülärin.

154) شۇنداق قىلىپ بىز بارچە نوملارنىڭ قۇرۇق، پاكىز، ئاپىرىدە بولمايدىغان ماھىيىتىنى كۆر-
دۇق.
155) مەپتۇنلۇق ئويىنى يوقىتىش بىلەن
156) ئوتتۇز ئىككى لاكشانلارغا ئىگە سەكسەن تۇرلۇك[3] 157) ئالتۇن رەڭلىك بەدەن قاتارلىق بۇر-
خانلارنىڭ ئويلاپمۇ يەتكۈسىز كاتتا (مۇكاپاتلارغا) ئېرىشتۇق.
56

158. anïn amtï saŋa tägimlig ol tärk tavraq barïp darma uḍgati bodisatvqa

aγïr ayaγ tapïγ qïlïp bo nomta qatïγlanmaq,

159. "alqu bodisatvlar barča ädgü ögli tïlṭaγïnda

alp bulγuluq burhan qutïn bulurlar" tep.

158) ئەمدى دەرھال بېرىپ دارما ئۇدگاتا بۇدساتۋاغا
چوقۇنۇپ تېۋىنىپ بۇ نومدا تىرىشىش ساڭا تالىقتۇر.
159) بارچە بۇدساتۋالار ياخشى دوستلار ۋەجىدىن
تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان بۇرخان قۇتىغا ئېرىشكەي.
57

160. anï äšidip saḍapira urudita bodisatv inčä tep ötünti:

161. alqu ančulayu kälmiš lär-ä! qayu aṭï bolur ädgü ögli tep

anï maŋa aḍïrtl(ï)γ nomlayu y(a)rlïqazunlar.

162. amtï m(ä)n kimkä yaqïn yaγuq barayïn?” tep.

160) بۇنى ئاڭلاپ ساداپرا ئۆرۆدىتا بودساتۋا مۇنداق دەپ ئۆتۈندى:
161) بارلىق تاتاگاتالار، ياخشى دوست دېگەن قانداق بولىدۇ؟
بۇنى ماڭا ئېنىق قىلىپ سۆزلەپ بەرگەن بولساڭلار.
162) ئەمدى مەن كىمگە يېقىن باراي.

58

163. ontun sïŋarqï burhanlar bir ünin inčä tep y(a)rlïqadïlar:

164. “uqmïš bolγïl, tözün oγlï-ya! darma uḍgati bodisatv säniŋ ädgü ögliŋ ärür.

165. ol säniŋ ädgülüg yïltïzïŋïn bïšurup burhan qutïn bulduryay.

166. oḍγuraq anïŋ tïlṭaγïnda bo ülgülänčsiz dyanlarïγ bulmïš ärür sän.

163) ئون تەرەپتىكى بۇرخانلارنىڭ ھەممىسى بىردەك ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:
164) ھەي، ئېسىل ئوغلان، بىلىشىڭ كېرەككى، دارما ئۇدگا بودساتۋا سېنىڭ يېقىن دوستۇڭدۇر.
165) ئۇ سېنىڭ ياخشىلىق يىلتىزىڭنى پىشۇرۇپ بۇرخان قۇتىغا ئېرىشتۈرگەي!
166) ئۇنىڭ ۋەجىدىن بۇ چەكسىز ديانلارغا ئېرىشكەيسەن !

59

anï üčün amtï sän ol bodisatvqa

167. alqu yertinčülärtä tolu beš törlüg küsänčiglär

168. üzä yüz kalplarqa tägi tapïnsar sän ymä

arïtï utlï näŋ qïlu umaγay sän” tep.

169. anča sözläp közünmäz boldïlar.

شۇڭا، سەن ئاشۇ بودساتۋاغا
167) بارلىق يەر - زېمىننى توشقۇزغۇدەك بەش تۈرلۈك ئارزۇلار
168) بىلەن چەكسىز ئىززەت - ھۆرمەت بىلدۈرسەڭمۇ،
ئۇنىڭ ياخشىلىقىغا جاۋاب قايتۇرالمايسەن.
169) (ئۇلار) بۇ سۆزلەرنى دەپ بولۇپ يوقاپ كەتتى.

60

170. ol üdün bodisatv dyanïntïn turup

ontun sïŋarqï burhanlarïγ körmämiši üzä inčä tep saqïntï:

171. “ozaqï köẓüngüči burhanlar ašnuča qayutïn [kälir] ärdi?

170) بۇ ۋاقىتتا بودساتۋا ديانىدىن تۇرۇپ، ئون تەرەپتىكى بودساتۋالارنى كۆرمىگەنلىكتىن مۇنداق ئويلىدى:
171) ھازىر كۆرۈنگەن بۇرخانلار ئاۋۋال قەيەردىن كەلگەندۇ؟

11 - بەت

172. [amtï] yänä qayuqa bardïlar?

amtï mäniŋ bo sezikimin kim uγay ärki

173. [üzgäli?]" tep munča saqïnu tükätip yänä inčä tep saqïntï:

172) ئەمدى يەنە نەگە كەتتى؟
ئەمدى مېنىڭ بۇ شۇبھەمنى كىم يوقىتىدۇ؟
173) ئۇ (كۆڭلىدە) شۇلارنى دەپ بولۇپ يەنە مۇنداق ئويلىدى:

61

174. amtïqï burhanlar öggüči darma uḍgati bodisatv bilgä bilig p(a)ramitta

özi bïšrunup

175. alqïnčsïz tükäṭinčsiz samadi dyanlarïγ bulup uluγ bügülämäk

ädrämkä ymä tägmiš ärür.

aḍïrṭl(ï)γ oḍγuraq mäniŋ uluγ ädgü öglim ol.

176. anï üčün mäniŋ bo sezikimin ol oq üẓgäy." tep

sadapira urudita bodisatv munča

177. saqïnu tükäṭip darma uḍgati bodisatv taqï aγïr ayančaŋ köŋüli taqï arṭoq

178. üklip asïlip yänä inčä tep saqïntï:

174) بايىقى بۇرخانلار مەدھىيەلىگەن دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋا بىلگە بىلىگ پارامىتنى ئۆزى ئۆگىنىپ،
175) چەكسىز سامادى④ ديانلارغا ئېرىشىپ، ئۇلۇغ سېھرىي كۈچكە ئېرىشىپتۇ.
ئېنىقكى، ئۇ مېنىڭ ياخشى دوستۇم.
176) شۇڭا، مېنىڭ بۇ شۇبھەمنى شۇ يوقاتقاي.
ساداپىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا مۇشۇنداق
177) ئويلاپ بولۇپ، دارما ئۇدگاتا بۇدساتۋاغا بولغان ھۆرمىتى تېخىمۇ
178) ئېشىپ، يەنە مۇنداق ئويلىدى:

62

179. "amtï m(ä)n artoq irinč čïγay ärür m(ä)n.

180. ayaγuluq bahšïm darma uḍgati bodis(a)tvqa piratya p(a)ramit sudurqa

aγïr ayaγ tapïγ uduγ qïlγuluq

181. arïṭï nägü ärsär t(a)varïm yoq ärür.

179) ھازىر ناھايىتى كەمبەغەلدۇرمەن.
180) ھۆرمەتكە سازاۋەر دارما ئۇدگاتى ئۇستازغا، پىراتيا پارامىت نومغا
181) ئىززەت ـ ھۆرمەت قىلغۇدەك
ھېچقانداق بايلىقىم يوق.

63

qop küsüšümin qanturdačï bahšïmqa

182. quruγ äligin barγuta näŋ ögrünčüm tuγmaz.

ھەممە ئارزۇيۇمنى قاندۇرغۇچى ئۇستازىمغا
182) قۇرۇق قول بېرىشقا كۆڭلۈم ئۇنىمايدۇ.

qolulayu körsär m(ä)n bo ätözümin,

183. qurïldačï artadačï ärür, näŋ ür turmaz.

بۇ تېنىم توغرىسىدا ئويلىسام، (تېنىم) زەئىپ،

183) ھامىنى نابۇت بولىدۇ، مەڭگۈ تۇرمايدۇ.

64

184. qul bolγuqa saṭïp bo ätözümin nom ärdinikä nomčï bahšïqa tapïγ qïlsar m(ä)n

185. qurïlmaqsïz bäk mäŋü ätözüg bulγay m(ä)n." tep.

munča saqïnu tükäṭip sada-

186. pira urudita bodisatv ačmïšlar ašïγ, aẓmïšlar yerčig tilämiš täg

187. tärkin tavraṭï balïqqa kirip qay bältir sayu üküš kišilig

188. oronlarda qatïγ ünin maŋrayu inčä tep sözlädi:

184) شۇڭا، مەن تېنىمنى قۇل ئېلىشنى خالايدىغانلارغا سېتىپ نوم گۆھىرىگە، نومچى ئۇستازغا ھۆرمەت ـ ئېھتىرام بىلدۈرسەم،

185) نابۇت بولمايدىغان مەڭگۈلۈك تەنگە ئېرىشىمەن.

(ئۇ) شۇنداق ئويلاپ بولۇپ،

186) سادايىرا ئۇرۇدىتا بۇدساتۋا خۇددى ئاچ قالغانلار ئاشنى، يولدىن ئېزىپ قالغانلار يول باشلىغۇچىنى ئىزدىگەندەك

187) ناھايىتى تېزلىك بىلەن شەھەرگە كىرىپ، بىر تۆت كوچا دوقمۇشىدىكى كۆپ كىشىلەر توپلاشقان

188) ئورۇنلاردا ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن مۇنداق دېدى:

65

189. "köp qamaγ kišilär quvraγï, äšidiŋlär!

190. köŋül eyin tapïγčï qul kimkä kärgäk ärsär mini saṭïγïn alïŋlar!

küntüz tünlä sïmṭaγsïzïn

189) ھەي كىشىلەر جامائەسى، ئاڭلاڭلار،

190) كىمگە كۆڭۈلدىكىدەك خىزمەتچى لازىم بولسا مېنى سېتىۋالسۇن، كېچە ـ كۈندۈز توختىماستىن

12 ـ بەت

191. küčüm yeṭmišinčä tapïnayïn" tep.

191) كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە خىزمىتىڭلاردا بولاي!

66

192. ayïγ saqïnčlïγ š(ï)mnu qanï bodisatvnïŋ bäk qatïγ köŋülin bilip aniŋ ädgülüg išiŋä tïdïγ qïlγalï

193. alqu kišilär qulγaqlarïn tuyu tuṭup äšid(d)ürmäḍi;

anï üčün bir ymä "alayïn" tegüči ünmädi.

192) يامان نىيەتلىك شىمنۇ خانى بۇدساتۋانىڭ مۇستەھكەم كۆڭلىنى بىلىپ ئۇنىڭ ساۋابلىق ئىـ-

شىغا توسقۇنلۇق قىلىش ئۈچۈن
193) كىشىلەرنىڭ قۇلاقلىرىنى ئېتىۋېلىپ ئاڭلاتمىدى.
شۇڭا، ساداپىرا ئۇرۇدىتا بودساتۋانى ئالىدىغان بىرمۇ ئادەم چىقمىدى.

67

194. anï täg öz ätözin saṭγalï sunup

195. "alayïn" tegüči bolmayuqqa arṭoq ämgänip

ačïγ ünin yïγlayu sïγṭayu

196. adïn qalïq kidintä aγlaq yertä olorur ärti.

194) مۇنداق تېنىنى ساتقىلى سۇنۇپ،
195) بىرەرمۇ ئالاي دېگۈچى چىقمىغانلىقتىن ناھايىتى قاتتىق ھەسرەتلىنىپ
ئاچچىق ئاۋازى بىلەن يىغلاپ،
196) باشقا بىر راۋاق كەينىدىكى بوش يەردە ئولتۇرغانىدى.

68

197. anï körüp hormuzta t(ä)ŋri, bodisatvnïŋ köŋülin sïnaγalï

198. artoq türk yigit bir braman körkin bälgürtüp inčä tep ayïṭtï:

"ay är-ä! sän nägülük munï täg

199. ačïγ ünin yïγlayur sän?" tep.

bodisatv inčä tep sözlädi: "urï-ya!

200. äšidgil mäniŋ yïγlaγuluq tïlṭaγïmïn.

197) بۇنى كۆرۈپ خورمۇزتا[5] تەڭرى بودساتۋانىڭ كۆڭلىنى سىناش ئۈچۈن 198 ـ 199) كۈچلۈك بىر بىراخمان يىگىتكە ئۆزگىرىپ مۇنداق دېدى:
ھەي ئەر، سەن نېمىگە بۇنچە ئاچچىق يىغلايسەن؟
بودساتۋا مۇنداق دېدى:
200) ھەي يىگىت، سەن مېنىڭ يىغلاش سەۋەبىمنى ئاڭلا!

69

201. uluγ bilgä bilig p(a)ramit sudur, darma uḍgati bodisatvqa

umïščaq(ï)ya tapïγ uduγ qïlγu küsüšüm ärdi,

202. umuγsuz čïγay ädsiz tavarsïz üčün

203. uγrayu öz ätözümin saṭïp tapïγ qïlayïn <tep> saqïnur män.

uluγ ünin maŋrayu urlasar män ymä

204. ulatï äŋ mintin birk(i)yä ymä kiši ayïṭγučï äšidgüči bolmadï.

205. ot yam käzigindä kärgäksiz bolup küsüšüm qanmayuqqa

206. una bo tïlṭaγïn yïγlayur män" tep.

201) دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا ھۆرمەت - ئېھتىرام بىلدۈرۈش ئارزۇيۇم بار ئىدى.
202) ئۈمىدسىز نامرات، ھېچقانداق بايلىقىم بولمىغاچقا
203) ئۆز تېنىمنى سېتىپ ئۇنىڭغا ھۆرمەت - ئىكرام قىلىشنى ئويلىدىم.
ناھايىتى ئۇنلۇك ئاۋازدا توۋلىغان بولساممۇ
204) مەندىن بۇنى سورىغۇچى ياكى بۇنى ئاڭلىغۇچى كىشى بولمىدى،
205) خۇددى ئوت - چۆپتەك خار بولۇپ ئارزۇيۇمنى قاندۇرالمىدىم، 206) مۇشۇ سەۋەبتىن يىغلاي-
مەن، — دېدى.

13 - بەت

207. [bo] savïγ äšidip sözlädi:

207) ئۇ بىراخمان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ:

70

"antaγ ärsär, ädgü är-ä!

208. amtï m(ä)n saŋa nä kärgäkin

alqu barča tüẓü tükäl beräyin.

209. aẓu bergäy mu sän mäniŋ tilikimin?" tep.

bodisatv sözlädi:

ھەي، ياخشى ئەر، ئۇنداق بولسا
208) ساڭا نېمە كېرەك، ھەممىسىنى قالدۇرماي بېرەي. 209) مېنىڭ تىلىكىمنى قاندۇرغايسەنمۇ؟
بۇدساتۋا سۆزلىدى:

71

"braman-a! mäniŋ öz ätözüm adïn nägü ärsär

210. bir ymä ädgü tavarïm yoq ärür.

211. bergüči isig özümin äṭimin qanïmïn tiläsär sän

bergäli tiṭgäli anoq ärür m(ä)n." tep.

braman sözlädi:

ھەي بىراخمان، مېنىڭ تېنىمدىن باشقا ھېچقانداق
210) قىممەتلىك بايلىقىم يوق.
211) ئەگەر ئىسسىق جېنىمنى، تېنىمنى، قېنىمنى خالىساڭ بۇلارنى بەرگىلى، بۇلاردىن ۋاز كەچ-
كىلى تەييارمەن.
بىراخمان سۆزلىدى:

72

212. "kertü köŋüllüg är-ä! maŋa adïn nägü ärsär kärgäksiz.

213. kertgünčüm tuγmïš üčün purušametlïγ yaγïš qïlγuluq

214. kišiniŋ äṭin qanïn yilikin yüräkin tiläyür m(ä)n.

kečürmätin tärk tavraq bergäy mu sän? " tep.

212) ــ ھەي، چىن كۆڭۈللۈك ئەر، ماڭا باشقا نېمە بولسا كېرەك ئەمەس،
213) يېقىندا ئىشەنچىم تۇغۇلغانلىقتىن نەزىر قىلىش ئۈچۈن
214) ئادەمنىڭ تېنى، قېنى، يىلىكى، يۈرىكى لازىم.
كېچىكتۈرمەستىن دەرھال بېرەلەمسەن؟ ــ دېدى.
73

215. anï äšidip bodisatv ögirü sävinü inčä tep saqïntï:

216. "ašnutïn bärüki saqïnčïmnïŋ büţgüsi ärki!

artaţtačï törölüg bo ätözümin tiţmäkim üzä

217. alqunï bildäči bolyuluq küsüšümnüŋ qanyusï ärki! " tep.

munča saqïnu

218. tükäţip bodisatv bramanqa inčä tep tedi:

215) بۇنى ئاڭلاپ بۇدساتۋا خۇرسەن بولۇپ سۆيۈنۈپ مۇنداق ئويلىدى:
216) «ئەجەبا مېنىڭ ئۇزاقتىن بۇيانقى ئارزۇيۇم بۇگۈن ئەمەلگە ئاشارمۇ؟ ئەجەبا، ھامىنى بۇزۇلىدىغان بۇ تېنىمدىن ۋاز كېچىش بىلەن
217) ھەممىنى بىلگۈچى بولۇش ئارزۇيۇم بۇگۈن ئەمەلگە ئاشارمۇ؟»
218) بۇدساتۋا بىراخمانغا مۇنداق دېدى:
74

"ay braman bahšï-ya!

219. amtïqï sözlämiščä kärgäk yaŋïn

anoq ärür m(ä)n tüzü tükäl bergäli.

220. az üküš nägü ärsär bersär köŋülüŋin eyin bergil" tep.

anča sözläyü tükäţip y(i)ti bičäk 221. üzä sol eliginiŋ tamïrïn sančïp qanïn aqïţdï. anta

basa 222. yoţasïn sïp yilikin äţi birlä bramanqa berip

anča oq 223. yüräkin tarţïp üntürgäli uyradï.

ھەي بىراخمان ئۇستاز،
219) سىزنىڭ سۆزلىگىنىڭىزچە سىزگە بېرىشكە ھەر دائىم تەيياردۇرمەن.
220) ئاز ـ كۆپ قانچىلىك بولسۇن خالىغىنىڭىزچە بېرىڭ!
بۇنى دەپ بولۇپلا ئۆتكۈر بىر پىچاق
221) بىلەن قولىنىڭ تومۇرىغا سانجىپ قېنىنى ئېقىتتى. ئاندىن كېيىن
222) يوتىسىنىڭ (سۆڭىكىنى) سۇندۇرۇپ يىلىكىنى گۆشى بىلەن بىللە بىراخمانغا بېرىپ بولۇپ،
223) يۈرىكىنى تارتىپ چىقىرىشقا تەييارلاندى.
14 ـ بەت

224. ol üdün ol qalïq töpösindä bir bayayut qïzï bar ärti.

225. oza körmiš ärdi bodisatvnïŋ " satïlur m(ä)n" tep qïqïru yorïmïšïn.

226. ol üdtä yänä körti qanïn aqïţïp söŋükin sïp yilikin äţi birlä

bermišin.

227. olorur qalïqïndïn enip bodisatvqa yaqïn kälip inčä tep ayïtdï:

(224 بۇ ۋاقىتتا راۋاق تۆپىسىدە بىر باينىڭ قىزى بار ئىدى.
(225 (ئۇ) بۇدساتۋانىڭ «سېتىلۇرمەن» دەپ ۋارقىراپ يۇرگەنلىكىنى كۆرگەنىدى.
(226 هازىر بۇدساتۋانىڭ قېنىنى ئېقىتىپ، سۆڭىكىنى سۇندۇرۇپ، يىلىكىنى گۆشى بىلەن بىللە بەرگەنلىكىنى كۆرۈپ،
(227 ئولتۇرغان راۋىقىدىن چۈشۈپ بۇدساتۋاغا يېقىن بېرىپ سورىدى:

75

228. "ädgü är-ä! sän qayu tïlṭaγïn ämgäkig saqïnmatïn munï täg

(228 هەي ياخشى ئەر، سەن نېمە سەۋەبتىن ئازاب - ئوقۇبەتتىن قورقماي

229. äṭiŋin qanïŋïn yilikiŋin äsirkänčsiz köŋülin berür sän?" tep.

(229 تېنىڭنى، قېنىڭنى، يىلىكىڭنى قىلچىمۇ ئايىماستىن بېرىسەن؟

bodisatv sözlädi: "äšidgil tüz-230. ün siŋilim-a!

بۇدساتۋا سۆزلىدى:
— ئاڭلىغىن، هەي (230 ئېسىل سىڭلىم،

76

231. arïš arïγ piratya <paramit> sudurqa, darma uḍgati bodisatvqa ayïr ayaγ qïlγu küsüšin ätözüm saṭγalï sundum.

232. alγučï bolmayuqqa amtï yänä bo bramanqa

233. alp titgülük bo üč törlüg tavarlarïmïn saṭγalï uγramïš ärür m(ä)n." tep.

234. bayaγut qïzï sözladi:

(231 پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىت سۇدۇرغا، دارما ئۇدگاتى بۇدساتۋاغا ئىززەت - ئىكرام كۆرسىتىش ئارزۇيۇم بىلەن ئۆزۈمنى ساتقىلى سۇندۇم.
(232 ئالغۇچى چىقمىغانلىقتىن ئەمدى يەنە بۇ بىراخمانغا
(233 تەستە ۋاز كەچكىلى بولىدىغان بۇ ئۈچ تۈرلۈك بايلىقىمنى ساتماقچى بولۇپ تۇرۇپتىمەن.
(234 باينىڭ قىزى سۆزلىدى.

77

"antaγ ärsär ädgü är-ä, sän amṭï

235. alp titgülük bo üč törlüg tavarlarïŋïn bramanqa saṭïp

236. anï üzä piratya p(a)ramit sudurqa, darma uḍgati bodisatvqa tapïγ uduγ qïlïp

237. aẓu qayu yeg adroq tüsüg bulγalï küsäyür sän?" tep.

bodisatv sözlädi: "tözün qïz-a!

ئۇنداق بولسا، ياخشى ئەر، سەن

235) ھازىر ۋاز كېچىش تەس بولغان بۇ ئۈچ تۈرلۈك بايلىقلىرىڭنى بىراخمانغا سېتىپ،
236) بۇنىڭ بىلەن پىراتيا پارامىت سۇدۇرغا، دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا ھۆرمەت ـ ئىكرام قىلىپ
237) زادى قانداق پايدىغان ئېرىشمەكچىسەن؟
بودساتۋا سۆزلىدى:

78

238. amtï mäniŋ munï täg ätözümin isig özüm titip ïdalap
239. ayaγuluq bahšïm darma uḍgati bodisatvqa tapïγ qïlγalï
uγramaqïm ärsär,
240. antïrdïn piratya p(a)ramit nom ärdinig äšidip

238) ھەي ئېسىل قىز، ھازىر مېنىڭ مۇنداق تېنىمدىن ۋە جېنىمدىن ۋاز كېچىپ
239) ھۆرمەتكە سازاۋەر ئۇستاز دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا ھۆرمەت ـ ئىكرام كۆرسىتىشتىكى مەقسىتىم،
240) ئۇنىڭدىن پىراتيا پارامىت نوم گۆھىرىنى ئاڭلاپ،

15 ـ بەت

241. alp bulγuluq burhan qutïn bulup

241) تەستە ئېرىشكىلى بولىدىغان بۇرخان قۇتىغا ئېرىشىپ،

79

242. altun öŋlüg, qulačča tägirmi yaruqluγ,
243. ančulayu otuz iki lakšan, säkiz on nayraγlïγ ätözüg
adïn ymä on küč küsün, tört qorqunčsuz, arïγ bilgä biligtä ulaṭï
244. aḍïl säčmä alqïnčsïz tükäṭinčsiz ädgü adroqlarïγ 245. bulγu üčün
ärür." tep.
ol üdün ol bayaγut qïzï

242) ئالتۇن رەڭلىك، نۇرلۇق،
243) ئوتتۇز ئىككى لاكشان، سەكسەن قىياپەتلىك بەدەنگە،
بۇنىڭدىن باشقا يەنە ئون تۈرلۈك كۈچ[6]، تۆت قورقۇنچسىزلىق[7] پاك بىلگە بىلىگ قاتارلىق
244) ئەڭ ياخشى چەكسىز ساۋابلارغا ئېرىشىش ئۈچۈندۇر، — دېدى.
245) بۇ چاغدا باينىڭ قىزى

80

ančulayu kälmišlärniŋ munï täg ädgülärin äšidmäk üzä
246. alqu marïmlarï ögrünč üzä tolup
247. ayasïn qavšurup čökiṭü olorup
ayančaŋ köŋülin bodisatvqa inčä tep ötünti:

تاتاگاتالارنىڭ مۇنداق ساۋابلىرىنى ئاڭلاپ،
246) پۈتۈن ۋۇجۇدى سۆيۈنۈپ، خۇشال بولۇپ،

247) ئالقانلىرىنى قوۋۇشتۇرۇپ يۈكۈنۈپ ئولتۇرۇپ،
ئىززەت ـ ئىكراملىق كۆڭلى بىلەن بودساتۋاغا مۇنداق دېدى:

81

248. arïš arïγ piratya p(a)ramitqa tapïγ uduγ qïlmaq üzä

249. anï täg yeg adroq tüšlärig bulγu ärsär

asanke sanïnča ätöz isig öz ärsär ymä

250. arïṭï äsirkänčsiz tiṭmiš kärgäk; taqï nä ayïtmïš kärgäk bir-251. k(i)ya

ätözüg!

248) پاك ۋە ساپ پىراتيا پارامىتقا ھۆرمەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈش بىلەن
249 ـ 250) بۇنداق ياخشى ساۋابلارغا ئېرىشكىلى بولسا، بۇ بىر تالغىنە جاندىن ۋاز كېچىش تۇ-
گۈل، ئاسانكې[8] سانىچە تېنى ۋە جېنى بولسىمۇ ئازراقمۇ ئايىماستىن ۋاز كېچىش كېرەك؛

82

anïn amtï tözünüm ätözüŋni munï täg ämgäṭmägil.

252. alqu kärgäkligčä tapïγ uduγ yeväglärin m(ä)n tüẓü 253. tükäl anuṭayïn.

aṭamqa anamqa bošuγ qolup sizni birlä barïp

254. aγïr ayaγ qïlïp darma uḍgati bodisatvqa piratya p(a)ramit

255. nom ärdinig äšidälim" tep.

ol üdün hormuzta t(ä)ŋri braman körkin tägšürüp 256. öz körki üzä

bodisatvnïŋ üskindä turup inčä tep tedi:

251) ئەمدى ئېسىلىم، سەن ئۆزۈڭنىڭ جېنىنى بۇنداق ئاغرىتما!
252) ھۆرمەت ـ ئىكرامغا كېتىدىغان ئەشيالارنىڭ
253) ھەممىسىنى مەن تەييارلىتاي، ئاتا ـ ئانامدىن رۇخسەت سوراپ، سىز بىلەن بىللە بېرىپ
254) دارما ئۇدگاتى بودساتۋاغا ئىززەت ـ ئىكرام بىلدۈرۈپ پىراتيا پارامىت
255) نوم گۆھىرىنى بىرلىكتە ئاڭلايلى، ـــ دېدى.
بۇ ۋاقىتتا خورمۇزتا تەڭرى بىراخمان تۇسىدىن ئۆز ئەسلىگە قايتتى
256) ۋە بودساتۋانىڭ ئالدىدا تۇرۇپ مۇنداق دېدى:

83

257. "ädgü ädgü uluγ ïdoq tïnl(ï)γ-a!

ärṭä taŋlančïγ čatïklïγ išig išläḍiŋiz.

258. ärtmiš üḍki burhanlar ymä bodisatv yorïqïnda yorïyur ärkän sizni täg ök

257) ھەي، ئېسىل، ئېسىل ئۇلۇغ ئىنسان،
ئادەمنى ھەيران قالدۇرغۇدەك جاتاكالىق ئىشلارنى قىلدىڭىز.
258) بۇرۇنقى ۋاقىتتىكى بودساتۋالار بودساتۋالار يولىدا يۇرىۋاتقاندا خۇددى سەندەك

16 ـ بەت

259. ärtiŋü b(ä)k qatïyta turup yanmaqsïzïn qatïylanmaq üzä

259) ناھايىتى چىڭ تۇرۇپ يانماي تىرىشىپ

84

üč asanke altï p(a)ramitlar ičindä

260. ülgülänčsiz üküš buyanlïγ bilgä biligni, yeviglärig tolγurup

261. üč uγušta yeg üstünki burhan bolup

262. özli adïnlïqa asïγ qïlu yarlïqadïlar

ئۈچ ئاسانكي⑨، ئالتە پارامىتلار⑩ ئىچىدە

260) چەكسىز كۆپ ساۋابلىق بىلگە بىلىگنى، ئەشيالارنى تولدۇرۇپ

261) ئۈچ ئالەمدە⑪ ئەڭ ئۈستۈنكى بۇرخان بولۇپ،

262) ئۆزى ۋە باشقىلارغا پايدا ـ مەنپەئەت يەتكۈزەتتى.

85

263. amtï maŋa kišiniŋ äṭi qanï yiliki yüräki kärgäksiz.

alqu barča sizni sïnaγu üčün ärti.

264. aḍïrṭl(ï)γ bildim siziŋ yanmaqsïz könülüŋüzni.

alqunï bildäči burhan bahšï tärk tavraq bolγay siz.

263) ھازىر ماڭا كىشىنىڭ گۆشى، قېنى، يىلىكى كېرەك ئەمەس،

ھەممىسى سىزنى سىناش ئۈچۈن ئىدى.

264) سىزنىڭ يانمايدىغان كۆڭلىڭىزنى ئەمدى ئېنىق بىلدىم،

ناھايىتى تېزلا ھەممىنى بىلگۈچى بۇرخان ئۇستاز بولغايسىز!

86

265. ötünür m(ä)n siziŋä tözünüm, qoluŋ mindä bir anṭaγ uluγ qut küsüšüŋ<üzni>

266. öz tapïŋïzča siziŋä beräyin." tep.

bodisatv sözlädi:

265) سىزدىن ئۆتۈنىمەن، ئېسىلىم، قانداق ئارزۇيىڭىز بولسا شۇنى قاندۇراي!

266) خالىغىنىڭىزچە بېرەي، ـــ دېدى.

بودساتۋا سۆزلىدى:

87

267. "öŋrätin bärüki mäniŋ küsüšüm ärsär,

üzäliksiz yeg üstünki burhan quṭï ärür.

268. öṭünür m(ä)n t(ä)ŋrilär iligi-ya, munï maŋa bergil!" tep.

hormuz<ta> t(ä)ŋri sözlädi:

267) مەن بۇرۇندىن ئەڭ ئۈستۈنكى بۇرخان قۇتىغا يېتىشنى ئارزۇ قىلاتتىم. 268) ھەي، تەڭرىلەر پادىشاھى، سىزدىن بۇنى ماڭا بېرىشىڭىزنى ئۆتۈنىمەن.
خورمۇزتا تەڭرى سۆزلىدى:

88

269. “burhan bahšïlarïɣ öŋi keṭärip
bolmaz adïn munï bergäli udačï.
270. bo küsüštä öŋi <u>küsüš</u>üŋ bar ärsär tilägil,
pudɣïl bälgülüg beräyin.” tep.
<u>bodisatv</u> <u>sözlädi</u>:

269) بۇرخان ئۇستازلاردىن باشقىلار بۇنى بېرەلمەيدۇ.
270) بۇ ئارزۇيۇڭدىن باشقا ئارزۇيۇڭ بولسا ئېيت، چوقۇم قاندۇرىمەن.
بودىساتۋا سۆزلىدى:

89

271. “uqmïš bolɣïl, t(ä)ŋrilär iligi-ya,
272. ozatïn bärüki mäniŋ yänä bir küsüšüm ärsär,
<u>uluɣ</u> <u>bilgä bilig</u> p(a)ramit sudur ärür.
273. uɣay mu sän munï bergäli? ” tep.
anï äšidip hormuzta t(ä)ŋri


271) ھەي، تەڭرىلەر پادىشاھى، شۇنى بىلگىنكى،
272) ئۆزاقتىن بۇيان مېنىڭ يەنە بىر ئارزۇيۇم بولسا ئۇلۇغ بىلگە بىلىگ پارامىتتۇر.
273) سەن بۇنى ماڭا بېرەلەمسەن؟ — دېدى.
بۇنى ئاڭلاپ خورمۇزتا تەڭرى


90


274. arṭoqraq taqï uyadu sïqïlu inčä tep <u>tedi</u>:
“amtï bo siziŋ baš balïɣ bolmïš ätözüŋüzni


274) ناھايىتىمۇ خىجىل بولۇپ مۇنداق دېدى:
ئەمدى سىزنىڭ يارىلانغان بۇ بەدىنىڭىزنى


«يىغلاڭغۇ بودىساتۋانىڭ ھېكايىسى»نىڭ پارىژ دۆلەتلىك كۇتۇپخانىدا ساقلىنىۋاتقان فاكسىمىل نۇسخىسى:



五













八





ئىزاھاتلار:

① بۇددا دىنىدا دۇنيانىڭ ئون تەرىپىدە بىردىن بۇددا بار دەپ قارىلىدۇ. بۇلار ئون تەرەپتىكى بۇرخانلار دەپ ئاتىلىدۇ.

② تاتاگاتا شاكيامۇنىنىڭ بۇددا بولغاندىن كېيىنكى ھۆرمەت ناملىرىنىڭ بىرى.

③ لاكشان سانسكرىتچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ «بەلگە، ئالامەت، نىشان» دېگەن مەنىدە. شاكيامۇنى تۇغۇلغاندا ئۇنىڭ قىياپىتىدە باشقىلارغا ئوخشىمايدىغان ئېنىق 32 تۈرلۈك ئېنىق بەلگىسى ۋە بۇنىڭدىن باشقا ئاسان كۆرۈۋالغىلى بولمايدىغان 80 تۈرلۈك بەلگىسى بولغانىمىش. بۇ يەردە شۇنى كۆرسىتىۋاتىدۇ.

④ سانسكرىتچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «پۈتۈن دىققىتىنى مەركەزلەشتۈرۈش، كۆڭلى چېچىلمايدىغان دەرىجىگە يېتىش» دېگەن مەنىدە.

⑤ سوغدىچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «ئىلاھ، تەڭرى» دېگەن مەنىدە. بۇ ئەسلىدە مانى دىنىدىكى ئىلاھ بولۇپ، قەدىمكى ئۇيغۇرلار بۇددا دىنى ئىلاھى «ئىندىر»نى خورمۇزتا دەپ ئاتىغان.

⑥ بۇددا دىنىي ئاتالغۇسى، بۇددا ھازىرلىغان ئون تۈرلۈك ئەقلىي قابىلىيەتنى كۆرسىتىدۇ.

⑦ خەنزۇچىسى «四无谓» بولۇپ «كۆڭلىدە قورقۇنچ بولماسلىق»نى كۆرسىتىدۇ.

⑧ ئاسانكى — سانسكرىتچىدىن كىرگەن ئاتالغۇ بولۇپ، «ھەددىدىن زىيادە ئۇزۇن، سان ـ ساناقسىز ۋاقىت» دېگەن مەنىدە.

⑨ ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىرقى، كېلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

⑩ بۇددا دىنىدا ئالتە تۈرلۈك پارامىت نوم بار. بۇ ئالتە پارامىت «六度» دەپ ئاتىلىدۇ.

⑪ ئۆتۈپ كەتكەن، ھازىرقى، كېلىدىغان ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

(داۋامى كېيىنكىساندا)

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

غەيرەتجان ئوسمان ئوتغۇر

# ئۇيغۇر يېقىنقى زامان پوئېزىيىسىدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك ۋە مىللىي روھ ئىزچىل ھالدا گەۋدىلىك ۋە يارقىن تېمىلارنىڭ بىرسى بولۇپ كەلگەن. قەدىمكى تۈرك خانلىقى ۋە قەدىمكى ئۇيغۇر خانلىقى دەۋرىدە تاش ئۇستىگە يېزىلغان مەڭگۈ تاش ئەدەبىي ئەسەرلىرى، قوچۇ ئۇيغۇر شېئىرلىرى، قاراخانىيلار خانلىقى ئەدەبىياتى، چاغاتاي خانلىقى ۋە تۆمۈرىيلەر خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەر، ياركەنت خانلىقى دەۋرىدىكى ئەدەبىي ئەسەرلەردە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ ئوخشىمىغان سەۋىيە ۋە ئوخشىمىغان ئۇسلۇبتا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. ئەلىشىر نەۋايى (1441 — 1501) شېئىرىيەت مۇنبىرىدە قەلەم تەۋرىتىپ دەۋر سۈرگەن يىللاردا ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە ئابستراكتلىقتىن بىر قەدەم ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئېنىقلىققا قاراپ ئالغا سىلجىپ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ئىدىيەۋى خاھىشىنى تېخىمۇ يارقىنلاشتۇرۇش، تېخىمۇ يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈش ۋەزىپىسىنى ئارتقۇزغانىدى. بۇ خىل ئەنئەنە كېيىنچە داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بەدىئىي غايىسىنىڭ تېخىمۇ نۇرلىنىشىغا چوڭقۇر تۈرتكىلىك رول ئوينىغان. ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ 17 ـ ئەسىردىن 20 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى چارىكىگىچە بولغان ۋاقىتتىكى پوئېزىيىدە ئىپادىلەنگەن ۋەتەنپەرۋەرلىك روھنى كۆرسىتىدۇ. بۇ دەۋردىكى بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە، مەسىلەن: زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىي قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ لىرىكىلىق ئۇسلۇبتا ئىپادىلەنگەن بولسا، قەلەندەرنىڭ داستانىدا ئېپىكىلىق شەكىلدە ئىپادىلەنگەن. مەيلى لىرىكىلىق ئۇسلۇبتا بولسۇن، مەيلى ئېپىكىلىق ئۇسلۇبتا بولسۇن، بۇلار بىر پۈتۈن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ مەزمۇنىنىڭ ئاساسىي يۆنىلىشىنى بەلگىلەشتە مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ ماقالىدە زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، ئابدۇلۋاھىد، قەلەندەر، تەجەللىيلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىدىكى شېئىرلىرى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە ئېلىپ بېرىلىدۇ.

### مۇھەممەد سىدىق زەلىلىي شېئىرىيىتىدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھ

ئەلىشىر نەۋايى بەدىئىي ئىجادىيىتىدىن كېيىن، شىنجاڭدىكى ئۇيغۇرلار ئارىسىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك

تېمىسىنى بىر پەللە يۇقىرى كۆتۈرگەن ھەم ئوبرازلىق ھالدا كەڭ، يارقىن ۋە چوڭقۇر ئىپادىلىگەن مەشھۇر سىمالارنىڭ بىرسى ياركەند (يەركەن) لىك شائىر مۇھەممەد سىدىق زەلىلىي (تەخمىنەن 1676 ــ 1746 ـ يىللىرى)دۇر. شائىر لىرىكىلىرىدا:

يول باشلاغۇچى كەئبە تەۋافىغە نە ھاجەت،
ھەر خارى خەسى دەشتى سەۋادى ھەرەمىمدۇر.

(يۇرتۇمنىڭ قاراڭغۇ چۆللىرى، تىكەن ۋە ئوت ـ چۆپلىرى مەن ئۈچۈن كەئبىدۇر. شۇڭا، ئەي يول كۆرسەتكۈچى، كەئبىنى تاۋاپ قىلىشىم نە ھاجەت).

چەھار باغى جەننەتۇل مەئۋاغا سالمايمەن نەزەر،
مەرغىزارى ھۇسن ئۈچۈن، يا رەب، خەۋەردار ئولمىشەم.

(يۇرتۇمدىكى گىياھلارنىڭ گۈزەللىكىدىن خەۋەردار بولغانلىقىم ئۈچۈن، جەننەت چاھارباغىغا نەزەر سالمايمەن).

«بىلادى ياركەندىدىن يۈز تۇمەنىمىڭ ئارزۇ ئەيلەپ،
ئەجەمنىڭ مەككەسىنى ھەج قىلاي دەپ بىگۇمان كەلدىم».

(نۇرغۇن ئارزۇ ـ ئارمانلار بىلەن ياركەندتىن ئەجەمنىڭ مەككىسى دەپ ئاتالغان خوتەنگە ھەج تاۋاپ قىلاي دەپ بىگۇمان كەلدىم.)

دەپ يازغانلىرىدىن مەلۇم بولىدۇكى، شائىر ئۆز يۇرتىنىڭ گۈزەللىكىگە، ھەتتا قاراڭغۇ چۆللۈكلىرىگىمۇ ئاشىق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىسلام دىنىدا ئەڭ گۈزەل دەپ قارىلىدىغان جەننەتكىمۇ نەزەر سالمايدىغانلىقىنى، ئۆز يۇرتىنىڭ خەس ـ تىكەنلەر بىلەن تولغان چۆللىرىنى ھېچقانداق يەرگە تەڭ قىلمايدىغانلىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ بېيىتلاردىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنىڭ قانچىلىك دەرىجىدە يۇكسەك ئىكەنلىكىنى يەنە ئىزاھلاش ھاجەتسىز بولسا كېرەك.

زەلىلىي قىرانلىق چاغلىرىدا تارىم بوستانلىقىنىڭ غەربىگە جايلاشقان گۈزەل ياركەند شەھىرىدىكى خانلىق مەدرىسەدە ئىلىم تەھسىل قىلغان بولۇپ، بۇ مەدرىسەنى ئوراپ تۇرغان مەدەنىي مۇھىتنى «سەپەرنامە»دە قويۇق يۇرت سۆيەرلىك ھېسسىياتى ئاساسىدا ھەم ئوتلۇق مىسرالار بىلەن بېرىكتۈرگەن ھالدا مۇنداق تەسۋىرلىگەن:

چەشمەئى چەراغى ھەمەئى مەملەكەت، رەۋشەن ئولۇپ ھەربىرى شەمئى جەھان.
رەۋنەقى باغى چەمەنى مەئرەفەت.
گەرم مۇتالئەدە ھەنگامەئى،
بىر تەرەفى مەدرەسەئى خانىيدۇر، دەرس بېرۇر ۋەقتىدە ئەللامەئى.
ئىلىم بىلەن فەزلى گۈلىستانىدۇر.
ئالىمۇ ھەم ئامىلۇ ئاخۇن ئۈچۈن،
جەمئى ئىكەن مەدرەسەدە ئالىمان، مەسنەدى ھىكمەتتە فىلاتۇن ئۈچۈن.

شائىر بۇ مىسرالاردا ئۆزى بىلىم ئالغان خانلىق مەدرىسە (مەدرەسەئى خانىي)نى ئىلىم بىلەن پەزى-

لەتنىڭ گۈلىستانى، جاھاننى يورۇتقۇدەك ئالىملار يىغىلغان جاي، قىزىق تەلقىن ـ مۇتالىئە بولۇپ تۇر-
ىدىغان، ھېكمەت ـ پاساھەت تەختىدە ئەپلاتون (پلاتو)غا دەرس ـ ساۋاق بەرگۇدەك ئالىم ـ ئۆلىمالار يى-
غىلغان «روناقلىق باغلىرى»، «مەرىپەت گۈلشەنى» بار بولغان تەۋەررۈك ئىلىمگاھ دەپ ھېسابلاپ، ئۇنىڭ تەبىئىي مەنزىرىسى بىلەن ئىلىم دەرىجىسىنى قوشۇپ ئىنتايىن چىرايلىق مىسرالار بىلەن تەسۋىرلەيدۇ. بۇ ھال ياركەند شەھىرىنىڭ ياركەند خانلىقى زامانىسى (1514 ـــ 1680)دا بارلىققا كەلگەن مەدەنىيەت مۇھىتىنىڭ زەلىلىي قىرانلىق چاغلىرىغا كەلگەن چاغلىرىدىمۇ ئۆزىنىڭ ئەسلىي ھالىتىنى بەلگىلىك دەرىجىدە ساقلىغانلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. بۇنداق تەسۋىرلەشنىڭ كەينىگە چوڭقۇر يۇرت مۇھەببىتى يوشۇرۇنغان، ئەلۋەتتە.

زەلىلىينىڭ لىرىك شېئىرلىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك ـــ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەنىڭ ئىپادىلىنىش تەپسىلاتىنى مۇنداق نۇقتىلار ئارقىلىق روشەنلەشتۇرۇش مۇمكىن:

① زەلىلىي لىرىكىلىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك، يۇرت تۇپرىقىنى ئەزىزلەش، سۆيۈش، ئۇنى دۇنيادىكى ھەر قانداق مۇقەددەس جايدىن ئۈستۈن قويۇش قاتارلىق يۈكسەك مەزمۇنلاردا ئىپادىلەنگەن. مەسىلەن:

جەھاننى سەير ئېتەرگە نەچچە كۈن باغۇ چەمەن ياخشى،
دەمىي ئۈلفەت ئالۇرغا دىلبەرى شىرىن سۇخەن ياخشى.
سەمەرقەند سەيقەلى ئالەم، بۇخارا قۇببەتۇل ـ ئىسلام،
بىزنىڭدەك تۈركىي ئادەملەرگە بۇ شەھرى خوتەن ياخشى.
كۆرۈپ كىمخاب ۋە تىللانى غەزەب فەرق ئەيلەمەك لازىم،
دېگەي نادان كىشىلەر: تۇتىدىن زاغۇ زەغەن ياخشى.

شائىر بۇ شېئىرىدا ئۆز يۇرتىدىكى خوتەن شەھىرىنى ئوتتۇرا ئەسىر ئىسلام دۇنياسىدا «ئالەمنىڭ نۇرىستانى»، «ئىسلامنىڭ قۇببىسى» دەپ تەرىپلەنگەن سەمەرقەند بىلەن بۇخارادىن ئۈستۈن ئورۇندا قويىدۇ.

سىزگە خەتتى دىلبەران، شەھرى ماچىن بىزگەدۇر،
سىزگە جەننەت چەھارباغىدىن گۈلى رەيھان كېرەك.

دېگەن مىسرالىرىدا شائىر، ساڭا جەننەت چاھارباغىدىن رەيھان كېرەك بولسا، بىزگە خوتەن شەھىرى بولسىلا بولدى، دەپ يېزىپ خوتەننى جەننەت چاھارباغىدىن ئۈستۈن كۆرىدۇ.

«زەلىلىي چىنۇ ماچىن ئىچرە شۆھرەت تاپتى ئەتقادەك» (175 ـ غەزەل) دېگەن مىسرا ئارقىلىق ئۆ-زىنىڭ يۈكسەك ئابرۇيى ئۆز يۇرتىدا تىكلەنگەن دېگەن ياڭراق شوئارنى توۋلىغان.

② شائىر زەلىلىينىڭ شېئىرلىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك شائىرنىڭ ئانا يۇرتىدىكى شەھەرلەرنى چوڭقۇر سۆيگۈ بىلەن تىلغا ئالغان نەزمىي مىسرالىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئۆزى ياشىغان يۇرت ـ شەھەرناملىرىنى ئەڭ كۆپ ھەم تولۇقراق تىلغا ئالغان شائىر دەل زەلىلىيدۇر. شائىر غەزەللىرىدە باشقا كىلاسسىك ئۇيغۇر شائىرلىرى تىلغا ئې-لىپ، ئەزىزلەپ كېلىۋاتقان شىنجاڭدىن ئىبارەت بۇ سۆيۈملۈك يۇرتنىڭ كەڭ ۋە تار مەنىدىكى ئاتىلىشى-لىرى بولغان، چىن، ماچىن، خوتەن، ياركەنت، كاشغەر قاتارلىق يەر ناملىرىنى تىلغا ئالغاندىن باشقا كىلاسسىك ئەدەبىي ئەسەرلەردە كەمدىن ـ كەم تىلغا ئېلىنغان ئەردەۋىل (ئاقسۇ)، كۇچا، تۇرفان (تۇر-

پان)، قومۇل قاتارلىق شەھەرلەرنىڭ نامىنىمۇ ئوتلۇق مۇھەببەت بىلەن تىلغا ئالغان. مەسىلەن:

كاشغەرنى ئاينەئى سەيقەلى ئىسلام ئېتىپ،
ھەيبەتىگىدىن چىنى ماچىن ھەددىگە سالدىڭ ندا.

(كاشغەرنى ئىسلام نۇرى ئەكس ئەتكەن ئەينەككە ئايلاندۇرۇپ، ھەيۋىتىڭدىن چىندىكى ماچىن دەپ ئاتالغان خوتەنگە سادا بەردىڭ).

شائىر يەنە تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا ئۆزى ياشىغان يۇرتىنىڭ داڭقى مەشھۇر شەھەرلىرىنى ئىپتىخار بىلەن مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

چىنى تۇركىستان زەمىنىنىڭ خەلقىغە چىغىم كېلۇر،
شەھرى ماچىندىن ئۆتۈپ تەۋفى ئىمامان ئەيلەمەس.

ياركەند ئىچرە زەلىلىي تەلبە قويمايدۇر قەدەم،
تا سەبەدكۇھى كۇچاۋۇ سەيرى تۇرفان ئەيلەمەس.

شائىر زەلىلىي تۆۋەندىكى مىسرالىرىدا ئاقسۇ شەھىرىنىڭ قەدىمكى نامىنى «ئەردەۋىل» دەپ مۇنداق تىلغا ئالىدۇ:

شەھرى ماچىندىن زەلىلىي تەلبە ئەيلەيدۇر سەفەر،
ئەردەۋىل ئىلە كۇچاۋۇ سەيرى تۇرفان ئەيلەمەس.

شائىرنىڭ ئىسلام دىنىغا ئەڭ كېيىن كىرگەن قومۇلغا بارغانلىقى، لىرىك شېئىرلىرىدا قومۇلنى ئەزىزلەپ تەسۋىرلىگەنلىكى شائىرنىڭ مىللىي ئېڭى ۋە ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ يەنە بىر ئىپادىسى.

شەھرى خوتەندە ئوت كۆرۈپ بەرقى ئەۋامۇكىن دېدى،
شۇئلەئى دۇدى ئاھ ئېرۇر بىلمەدى سەرھەدى قامۇل.

③ شائىر زەلىلىينىڭ شېئىرلىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك، ئانا يۇرتىدا ياشىغان كاتتا سىمالارنى، ئۇلۇغ كىشىلەرنى مەدھىيەلەش، ئۇلارنىڭ سىماسى ـ روھىغا سىغىنىش ئەكس ئەتكەن مىسرالىرىدا ئىپادىلىنىدۇ.

يۇرتنى سۆيۈش، قوغداش، گۈللەندۈرۈش يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك بولغاندەك، يۇرتنى سۆيگەن، قوغدىغان، گۈللەندۈرگەن، خەلقىنى قوغدىغان كىشىلەرنى ئۇلۇغلاشمۇ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىسىدۇر.

شائىر زەلىلىي لىرىك شېئىرلىرىدا قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ مەشھۇر خانلىرىنىڭ بىرسى، قارا خانىيلار خانلىقى دەۋرى ئۇيغۇر ئىسلام مەدەنىيىتىگە ئاساس سالغۇچى، خاس «سۇلتان ساتۇق بۇغراخان دەۋرى»نى ياراتقان سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى باشتىن ـ ئاخىر قىزغىن مۇھەببەت بىلەن مەدھىيەلەيدۇ. مەسىلەن، شائىرنىڭ شېئىرىي دۇردانىلىرى جەملەنگەن «زەلىلىي دىۋانى»دا زەلىلىي ئالدى بىلەن تەڭرىگە، ئاندىن رەسۇلۇللاغا مەدھىيە ئوقۇغاندىن كېيىن، ساتۇق بۇغراخانغا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شائىر دىۋانىدىكى لىرىك شېئىرلارنىڭ خېلى كۆپ قىسمىدا ساتۇق بۇغراخانغا ئوخشاشمىغان رەۋىشتە مەدھىيە ئوقۇ-

غان. مەسىلەن:

مەرھابا، سۇلتانى ساتۇق بۇغراخانىم، مەرھابا،
مەشھەدىڭنى مەككەئى مۇلكى ئەجەم دەرلەر رەۋا.

كاشغەرنى ئايىنەئى سەيقەلى ئىسلام ئېتىپ،
ھەيبەتىڭدىن چىنى ماچىن ھەددىگە سالدىڭ ندا.

دېگەن مىسرالىرىدا سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى كاشغەرنى مەرىپەتتە ئىسلام ئەينىكىگە ئايلاندۇرغان دەپ مەدھىيەلەپ، ئۇنىڭ قەبرىسىنى مەككىگە ئوخشىتىدۇ.

شائىر غەزەللىرىدە يەنە سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى لىرىك ئوبراز «مەن» (ئەمەلىيەتتە خەلق)نىڭ مەدەتكارى ـ نىجاتكارى دەپ مەدھىيەلەيدۇ. مەسىلەن:

يىقىلدى دەپ زەلىلىمىنى، ئەدۇۋ، شاد ئولماغىل ھەرگىز،
مەدەتكارى ئانىڭ سۇلتانى ساتۇق بۇغراخانىم بار.

(ئەي دۈشمەنلەر، زەلىلىمىنى يىقىلدى، دەپ خۇش بولماڭلار، ئۇنىڭ ساتۇق بۇغراخاندەك مەدەتكارى بار).

شائىر سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى يەنە پىر ـ مۇرشىدىم دەپ قارايدۇ. شائىرنىڭ پۈتكۈل ئىسلام دۇنياسىدا ھۆرمەتلىنىدىغان ئىمام جەئفەرى سادىق قەبرىگاھىنى بىر قېتىم، سۇلتان ساتۇق بۇغراخان مەقبەرىسىنى ئۈچ قېتىم زىيارەت قىلغانلىقى، ئەرەب سەھراسى ۋە ئىران تۇپرىقىدىكى داڭلىق مۇتەسەۋۋۇپلارنى ئەمەس، سۇلتان ساتۇق بۇغراخاننى پىر ـ ئۇستاز تۇتقانلىقى شائىرنىڭ ئىدىيەسىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىنكاسى. مەسىلەن:

مەخمۇر ئېدى دىلۇ جان قويدى مەيى ئەرغۇۋان،
سۇلتان ساتۇق بۇغراخان پىرى مۇرشىد ئەمەسمۇ.

شائىر يەنە ساتۇق بۇغراخانىنلا ئەمەس، بەلكى ئۇنىڭ قەبرىسى جايلاشقان يۇرت مەشھەد ۋە ئۇنىڭ يېنىدىكى قوشنا كەنت تېجەننى ئىنتايىن ئۇلۇغلايدۇ، ئۇ زىيارەت قىلىدىغان ياخشى يەر مۇشۇلار دەپ يازىدۇ.

كاشغەر زەمىنى ئىچرە ئەيلەسەڭ سەفەر ئارا،
بارغالى زىھى مەشھەد، تۇرغالى تېجەن ياخشى.

④ شائىر شېئىرلىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك ـــ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆز يۇرتىدىكى كىشىلەرنى ھەر قانداق ئەل، ھەرقانداق يۇرتتىكىدىن قەدىرلىك، گۈزەل دېگەن ئىدىيەسى ئىپادىلەنگەن مىسرالىرىدا جىلۋىلىنىپ تۇرىدۇ. مەسىلەن:

زىب ئەنگىز شوخى تۈركىيلەرنى كۆرۈپ،
رەشك ئەيلەگەي خۇبانى كابول.

(گۈزەللىك سەۋەبچىسى بولغان تۈركىي ـ ئۇيغۇر شوخ قىزلىرىنى كابۇل گۈزەللىرى كۆرۈپ قالسا چو-

قۇم رەشىك ـ ھەسەت قىلىدۇ).

دېمەك، شائىر زەلىلىي يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇرغۇپ تۇرغان نەزمىي مىسرالىرى بىلەن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا ئالاھىدە تىلغا ئېلىنىشى كېرەك بولغان ئەدىبلەرنىڭ بىرى بولۇش شەرىپىگە ئېرىشكەن.

يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك كەڭ مەنىدە ئۆزى ياشاۋاتقان يۇرت ـ ۋەتەننىڭ تۇپرىقىنى، ئار ـ نومۇسىنى قوغداش، يۇرت ـ ۋەتەن ئۈچۈن ئىشلەش بولسا، تار مەنىدە ئۆزى ياشىغان كونكرېت زېمىننىڭ مۇقەددەسلىكىنى، ئار ـ نومۇسىنى قوغداش، بارلىقىنى شۇ يۇرتقا بېغىشلاش، ئۇنىڭ گۈللىنىشى ئۈچۈن تەر ئاققۇزۇش دەپ قارىلىدۇ. شائىرنىڭ مەملىكىتىمىز تارىخىدا شىنجاڭنىڭ تەرەققىياتى ئۈچۈن تۆھپە قوشقان يەرلىك ھاكىمىيەت ـ قارا خانىيلار خانلىقىنىڭ تەرەققىيپەرۋەر خانى ساتۇق بۇغراخاننى زوق ـ شوخ بىلەن مەدھىيىلىگەنلىكى، يۇرتىدىكى خەلقنى ئۇلۇغلاپ، يۇرتنى مەككە مۇكەررەمدىن ئۈستۈن قويغانلىقى ئەينى دەۋردىكى تەركىي ۋەتەنچىلىك، يۇرتسىزلىقنى، ئىتتىپاقسىزلىقنى تەكىتلەۋاتقان غوجىلار ھاكىمىيىتى سورۇنىدىكى بىر ئۈچۈم مەلئۇنلارغا قارشى ئاجايىپ ئىلغارلىق ۋە جاسارەت ئىدى.

## 18 ـ ئەسىردىكى يۇرت سۆيەرلىك روھىنىڭ يۈكسەك مۇجەسسەمى «ئۈچ غەزەل» ــ گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلارنىڭ «ئۈچ غەزىلى» ھەققىدە

گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلار 18 ـ ئەسىردە ئۆتكەن شائىرلار بولۇپ، ئۇلار يۇرتداشلىرى ۋە ئالدىنقىلارنىڭ يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرت سۆيەرلىك قارىشىنىڭ يەنىمۇ پىششىقى، تاۋلىنىشى، تاكامۇللىشىشى، مۇستەھكەملىنىشىنى تېزلەتكەن، ئۇچۇقلاشتۇرغان.

1. گۇمنام ۋە «كاشغەر» ناملىق غەزەل: كاشغەردە ياشىغان گۇمنامنىڭ «كاشغەر» ناملىق غەزىلى «دىۋانى گۇمنام»غا كىرگۈزۈلگەن 26 ـ غەزەل بولۇپ، جەمئىي توققۇز كۇپلېت، 18 مىسرادىن تەركىب تاپقان. غەزەلنىڭ ئاپتورى گۇمنام 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن ۋەكىلى بولۇپ، شائىر ئۆزىنىڭ «كاشغەر» رادىفلىق غەزىلى ۋە باشقا بىرقاتار ئىلغار پىكىرلىك شېئىرىي ئەسەرلىرى بىلەن كېيىنكى دەۋر كىشىلىرى، ئەدەبىيات ساھەسى ۋە جەمئىيەتكە چوڭقۇر تەسىر كۆرسەتكەن. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىغا «گۇمنام» ماددىسىنىڭ ئالاھىدە كىرگۈزۈلۈشى ئۇنىڭ جۇڭگو كۆپ مىللەتلىك ئەدەبىياتى غەزىنىسىدە كۆزنى چاقنىتىدىغان بىر ئەزىمەت بولۇپ قالغانلىقىنىڭ جانلىق ئىسپاتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. «كاشغەر» ناملىق غەزەل مۇنداق يېزىلغان:

مەزرەئى لۇتفى ئىلاھىيدۇر دىيارى كاشغەر،
ئىشق ئېلىنىڭ قىبلەگاھىدۇر مەزارى كاشغەر.
ئىشقۇ ئۇلفەت چەشمەسىدىن دەردۇ مىھنەت جۇش ئېتەر،
تۇفراغى ھەسرەت بىلەن پۈتكەن ھىسارى كاشغەر.
دىلرەبالار باغرىنى لەئلى بەدەخشان ئەيلەگەي،
بىر نىگاھى غەمزەسىدىن گۇلئۇزارى كاشغەر.
ئابى روكناباد، گۈلگەشتى مۇسەللا سەھل ئېرۇر،
خۇلددىن ئەفزۇن تۇمەنىنىڭ لالەزارى كاشغەر.
ئەيش ئېلىگە خارىدىن كەلگەي گۈلى ئىشرەت ئىسى،
چۇن سۇلەيمان دەۋلەتىدۇر خارۇ زارى كاشغەر.

ئۇدۇ ئەنبەر تۇفراغىدۇر، ئابى كەۋسەردۇر سۈيى،
دۇررى مەرجان تاشلارىدۇر كۆھسارى كاشغەر.
يا پەرى يا ھۆر يا باغى ئىرەم ياد ئەيلەمەس،
شەھرىنى ئۇنتار بولۇر ھەركىم دۇچارى كاشغەر.
ھۆشمەندۇ دەردمەندۇ مەردۇ زەندۇر لەب چۇ قەند،
نارى خەندان، سىيبى رەئنا ھەرنە بارى كاشغەر.
كاشغەر شەھرىن بىلىڭ گۈمنامىنىڭ يايلاغىدۇر،
دىلكۇشا، ئىشرەت فەزا، ھەر سەبزەزارى كاشغەر.

1) كاشغەر تەڭرىنىڭ مەرھەمىتى تېرىلغان جايدۇر؛ كاشغەرنىڭ مازارلىرى ئىشق ئەھلىنىڭ قىبلىگاھىدۇر. 2) ئىشق ـ ئۇلپەت بۇلىقىدىن دەرد، جاپا ـ مۇشەققەت قايناپ تۇرىدۇ؛ ئۇنىڭ قورغانلىرى ھەسرەت توپىسى بىلەن قوپۇرۇلغان. 3) كاشغەرنىڭ گۈل يۈزلۈكلىرى جىلۋىلىك بىرلا قارىشى بىلەن، ھەر قانداق گۈزەللەرنىڭ باغرىنى بەدەخشان ياقۇتىدەك قىزىل قان قىلىۋېتىدۇ. 4) ئۇنىڭ ئالدىدا روكناباد سۈيى، مۇسەللا گۈلشىنى چاغلىقلا بىر نەرسىلەر، كاشغەرنىڭ لالىزارلىرى جەننەتتىن تۈمەنمىڭ ھەسسە ئارتۇق. 5) كۆكتۈل ئاچقۇچلار ئۇچۇن ھەتتا تىكەنلىرىدىنمۇ يېقىملىق گۈل پۇرىقى كېلىپ تۇرىدۇ، ئۇنىڭ پىقىر ـ كەمبەغەللىرىنىڭ تۇرمۇشىمۇ سۇلايمان دۆلىتىگە باراۋەر. 6) ئۇنىڭ توپىسى ئۇد، ئەنبەر پۇرايدۇ؛ سۇلىرى بولسا ئابى كەۋسەر؛ كاشغەر تاغلىرىنىڭ تاشلىرى ئۈنچە ـ مارجان. 7) كىمكى كاشغەرگە كېلىپ قالسا، ئۇ ھۆر ـ پەرىلەرنىمۇ، باغى ئېرەمنىمۇ يادىغا كەلتۈرمەيدۇ، ئۆز يۇرتىنى ئۇنتۇپلا كېتىدۇ. 8) ھوشلۇقلىرى بولسۇن، دەردمەنلىرى بولسۇن، ئەرلىرى بولسۇن ياكى ئاياللىرى بولسۇن، لەۋلىرى خۇددى قەنت، كاشغەردە ھەممە نەرسە بار، ئانارلىرى گوياكى كۈلۈپ تۇرغاندەك، ئالمىلىرى قىپقىزىل. 9) كاشغەر شەھرىنى گۇمنامنىڭ يايلىقى دەپ بىلىڭلار. كاشغەرنىڭ چىمەنزارلىرى كىشىلەرنىڭ دىلىنى ئاچىدۇ، ھوزۇر بېغىشلايدۇ.

2. نەۋبەتىي ۋە «خوتەن» ناملىق غەزەل: نەۋبەتىي 18 ـ ئەسىردە خوتەندە ياشىغان لىرىك شائىر بولۇپ، «دىۋانى نەۋبەتىي» ناملىق شېئىرلار توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. جۈملىدىن، «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى»نىڭ «جۇڭگو ئەدەبىياتى» تومىغا «نەۋبەتىي» ماددىسىمۇ كىرگۈزۈلگەن. شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى نەشر قىلغان «دىۋانى نەۋبەتىي» ناملىق توپلام ئىچىدە يوق، ئەمما باشقا توپلامدا بولغان يەنە بىر مۇنچە لىرىكىلىرى ساقلىنىپ قېلىنغان. ئۇنىڭ «دىۋانى نەۋبەتىي»نىڭ سىرتىدىكى بىر غەزىلىدە «خوتەن» رادىفلىق مۇنداق بىر ئېسىل مىسرالار بار:

رەۋزىگە مانەند خەيال ئەت خوتەننى،
بېھىشدىن زىيادە مىسال ئەت خوتەننى.
يا رەب، بىتامۇغ جەننەتىيلەرگە،
ئەرجۇمەندىگە ۋىسال ئەت خوتەننى.
خۇجەستە خاكى رەھمەت سۇرمەسى،
كۆزۈڭگە تۇتىيا، خال ئەت خوتەننى.
پەرىلەر بۇسەسى تۇرفە شىرىندۇر،
ھۇرلار لەبىگە بال ئەت خوتەننى.
تەلئەتىگە خۇرشىد، كۆزلەرىگە ئەختەر،

يادەك قاشىغا ھىلال ئەت خوتەننى.
چىقسا نەسىمى، كېلۇر شەمىمى،
لەيلى بويىغا دال ئەت خوتەننى.
بەرسە قادىرى بەختىڭگە تەۋفىق،
قۇربىڭغا قۇدرەت كەمال ئەت خوتەننى.
گۈلىستانى ئېرەم بولسۇن تەھەييۇر،
ئۇنىڭغا نەۋرەس ـ نىھال ئەت خوتەننى.
قاندۇر بىھاجەت لالە يۈزىگە،
قىزىللىق فىزا چۇ ئال ئەت خوتەننى.

مۇئەللىمى ئاپئاق، بىنىش سۇخەنگۆي، خەمسەڭگە قۇرباش، ئىتتىسال ئەت خوتەننى.
تىفلىگە دەرس ـ مەقال ئەت خوتەننى. سەن ھەم نەۋبەتىي سىيەھ رۇي ئىلىگە،
ئەي جەھان شائىرى گۈلشەنى باغى، رەقىبلەر كۆزىگە زەۋال ئەت خوتەننى.

1) خىيالىڭدا خوتەننى جەننەتكە ئوخشاش بىل، بېھىشتىن ئارتۇق چاغلا. 2) تەڭرى يا ئۆزۈڭ دوزاخقا سالماي، جەننەتكە كىرگۈزىدىغان ئەزىز كىشىلىرىڭگە خوتەننى يېتىشتۈرۈپ بەر. 3) خوتەننىڭ مۇبارەك توپىسى بولسا رەخمەتنىڭ سۈرمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇڭا، ئۇنى كۆزۈڭگە تۇتىيا، مەڭزىڭگە خال ئەت. 4) پەرىلەرنىڭ سۆيۈشى ئاجايىپ شېرىندۇر، بۇ شېرىنلىككە تېخىمۇ شېرىنلىك پەيدا قىلىش ئۈچۈن، ئاشۇ ھۆر ـ پەرىلەرنىڭ لېۋىگە خوتەننى شېرىن ـ شېكەر بال ئەت. 5) گۈزەللەرنىڭ چىرايىغا خوتەننى نۇرلۇق قۇياش قىل، كۆزلىرىگە چاقناپ تۇرغان يۇلتۇز قىل، ئېگىلگەن قېشىغا خوتەننى يېڭى چىققان ئاي قىل. 6) شامال چىقسا، خوتەندىن ئەتىر تارايدۇ، شۇ يېقىملىق پۇراق بىلەن بىللە لەيلىنىڭ بويىغا خوتەننى دەلىل ئەت. 7) تەڭرى ساڭا بەخت ئاتا قىلسا، سەن بۇ بەخت ئىچىدە خوتەننى ئۆز يېقىنىڭغا كامال، قۇدرەت جايى قىلىپ بېغىشلا. 8) خوتەننى ئېرەمبېغىغا كۆچەت قىلغىنىكى، بۇ كۆچەتلەر ئالدىدا ئېرەمبېغىنىڭ گۈلىستانلىرى ھەيران قالسۇن. 9) لالىنىڭ قىزىل بولۇشى ئۈچۈن خوتەننى لالىگە قىزىللىق بېغىشلىغۇچى ئەت. 10) جاھاننىڭ سۆزلىگۈچى ئەقىللىك مۇئەللىملىرى، ئوقۇغۇچى ـ شاگىرتلىرىڭغا دەرس سۆزلىگىنىڭدە، ھەر سۆزۈڭگە خوتەننى ماقال ئەت. 11) ئەي جاھان گۈلشىنىنىڭ بۇلبۇللىرى ئاتالغان شائىرلار، يازغان داستانلىرىڭغا خوتەننى باش قۇر قىل، قۇرلىرىڭنى خوتەن بىلەن چىڭ باغلا. 12) نەۋبەتىي، سەنمۇ قارا يۈز رەقىبلەرنىڭ كۆزىگە خوتەننى زاۋال قىلىپ كۆرسەت.

نەۋبەتىي يۇرت سۆيەرلىكنى يەنىمۇ چوڭقۇرلاشتۇرغان ھالدا مۇنداق بىر رۇبائىي يازغان:

مەككەئى زاھىر ئەمەس تۇشۇمدە ئەسلى كۆرمەگەچ،
ئىشقسىزدۇرمەن ھەمىشە ئاڭا ئەسلى كۆيمەگەچ.
ئەۋۋەلى ھەم ئاخىرى قىبلەگاھىمدۇر خوتەن،
ئۆزگەسىگە بىنەزەرمەن، مەن خوتەندەك كۆيمەگەچ.

**3. مەشھۇرىي ۋە «ياركەند» ناملىق غەزەل:** مەشھۇرىينىڭ ئىسمى ئىبراھىم بولۇپ، 18 ـ ئەسىردە ياركەند (يەكەن)تە ياشىغان لىرىك شائىر. ئۇنىڭ «دىۋانى مەشھۇرىي»ناملىق لىرىك شېئىرلار توپلىمى دەۋرىمىزگە يېتىپ كەلگەن. «ياركەند» رادىفلىق غەزىلى بولسا توپلامنىڭ 29 ـ غەزىلى بولۇپ، 24 مىسرا، 12 كۇپلېتتىن تەركىب تاپقان. تېكىستى مۇنداق:

گۈلئۇزارى كەلدىكىم، بولدى گۈلىستان ياركەند،
نەۋ بەھارى مەقدەمىدىن تازە بوستان ياركەند.
لۇتف ئىلە كەلتۈردى مەقدەم بىر مەسىھا مەقدەمى،
تاپتى جىسمىم ناتەۋاندەك فەيزىدىن جان ياركەند.
كەلدىكىم قىش ئوتراسىدا بىر سەراپا نەۋبەھار،
گۈل كەبى باشدىن ئاياقغا بولدى خەندان ياركەند.
خۇش مۇبارەك تەلئەتىڭ فەيزى فەرەھ ئەفزا ئېرۇر،
بولدى ھەر ئەندۇھدىن ئازاد فەرەھان ياركەند.

كەلدىڭ ئانداغ شەۋكەتۇ شەئنۇ شەھەنشاھلىك بىلەن،
كاشغەر ھەسرەتتە قالدى بولدى ھەيران ياركەند.
پەرتەۋ ئەفشان ئارەزىدىن شادلىق نۇرىن كۆرۈپ،
بولدى خەندان شەمئ ياغلىغ كۆزى گىريان ياركەند.
سۆزىشى ئۆچتى ئىچىپ بىر جۇرئەئى جامى ۋىسال،
غۇسسە ھەم غەم ئوتى بىرلە باغرى بىريان ياركەند.
مۇلك ئېدى ئەۋراق ئەجزاسى بۇزۇق شىرازەسى،
جەمئ بولدى خاتىرى كۆڭلى فەرىشان ياركەند.
بۇ زەماندا چەھارسۇدىن ھامىئى ئىسلام ئول،
بولدى ئاندىن تازە دىنۇ تازە ئىمان ياركەند.
كەلدى ئارىفلار شەھى يۈز لۇتف، مىڭ ئىھسان بىلە،
بولدى فەيزى مەقدەمىدىن شىرى ئىرفان ياركەند.
شادلىق ئۇممىدىدىن ئۆزگە ئۇممىدى يوقدۇرۇر،
كەلدى بىر يۇسۇف لىقايى بولدى كەنئان ياركەند.
رەڭبەرەڭ ئەۋسافىنىكىم ئەيلەمىش يۈز تىل بىلە،
خۇش نەۋا مەشھۇرىي بۇلبۇلدۇر، گۈلىستان ياركەند.

1) گۈللەرنى تەرگۈچى ياركەند گۈلىستانىغا يېتىپ كەلدى، يېڭى باھار پەيتىدە پاكىز بوستانلىق ياركەندكە قەدەم باستى. 2) كەرەملىك بىلەن ئەيسا پەيغەمبەرنىڭ قەدىمىدەك قەدەم ئېلىپ كېلىپ، جىسمى ۋە جېنى خۇددى ناتىۋانلاردەك ياركەندتىن ھۇزۇر تاپتى. 3) قىشنىڭ ئوتتۇرىسىدا بىر نۆۋەت يېڭى باھار كەلگەندەك بولدى، ياركەند خۇددى گۈللەردەك باشتىن ـ ئاخىر خۇشاللىققا چۆمدى. 4) خۇش مۇبارەك چىرايىدىن خۇرسەنلىك چىقىپ تۇرىدۇ. ھەر بىر غەم ـ قايغۇسىنىڭ ئىچىدىمۇ ئازادە ـ خۇشاللىق بىلىنىپ تۇرىدۇ. 5) شۇنداق شانۇشەۋكەتلىك، شاھەنشاھەتەك دەۋران سۈرۈپ كەلگەچكە، كاشغەر شەھىرى ھەسرەت ئىچىدە ھەيران بولۇپ ئۆتتى. 6) يورۇق نۇرلار چېچىلغاچقا شادلىق نۇرى كۆرۈنۈپ، خۇشاللىق يېشى كۆزىدىن خۇددى شامدەك تۆكۈلۈپ تۇرىدۇ. 7) پىراقىدا كۆيۈۋاتقانلار ۋىسال شارابىدىن بىر يۇتۇم ئىچىپ ھەۋىسىنى باستى، غەم ـ قايغۇ ئوتى بىلەن ياركەندنىڭ باغرى كاۋاپ بولماقتا. 8) بۇ مەملىكەت ۋاراقلىرى شىرازىسىدىن بۇزۇلۇپ چېچىلىپ كەتكەن كىتابتەك ۋەيرانە ئىدى، ئەمدى ياركەندنىڭ پەرىشان كۆڭلى خاتىرجەم بولدى. 9) شۇ زاماندا ياركەند ھەممە يەردىكى ئىسلام دىنىنىڭ ھامىيسى بولۇپ كەلدى، شۇنىڭ بىلەن ئىشەنچ ـ ئېتىقاد تېخىمۇ پاكىزلاندى. 10) دانىشمەنلەر شاھى يۈز قېتىم كەرەملىك، مىڭ قېتىملىق ياخشىلىق بىلەن كېلىشى، خۇشاللىق قەدەملىرىنىڭ بېسىلىشى بىلەن ياركەند ئىلىم جەۋھەرلىرىدەك بولدى. 11) بۇ يەردە شادلىق ئۇمىدىدىن باشقا ئۇمىد يوق، ياركەند يۇسۇپ كەبى زاتىنىڭ كېلىشى بىلەن كەنئانغا ئايلاندى. 12) ياركەند گۈلىستاندۇر، مەشھۇرىي خۇشناۋا بۇلبۇلدۇر. شۇڭا، رەڭگارەڭ سۈپەتلىرىنى يۈز تىل بىلەن تەرىپلەيدۇ.

### يۇقىرىدىكى ئۈچ غەزەلنىڭ مەيدانغا كېلىشىنىڭ تارىخىي ئارقا كۆرۈنۈشى

يۇقىرىدىكى ئۈچ غەزەل مەيدانغا كەلگەن 17 ـــ 18 ـ ئەسىر شىنجاڭ جەمئىيىتى مۇرەككەپ بىر تا-

رىخىي باسقۇچتا تۇرۇۋاتقان ۋاقىت ئىدى. 17 ـ ئەسىرنىڭ كېيىنكى چارىكى، 18 ـ ئەسىرنىڭ ئالدىنقى يېرىمى شىنجاڭنىڭ بەزى يەرلىك ئىجتىمائىي تارىخ، ئەدەبىيات تارىخى كىتابلىرىدا «غوجىلار زامانى» ياكى «غوجىلار دەۋرى» دېگەن نام بىلەنمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت تارىخىدا «غوجىلار زامانى»، «غوجىلار دەۋرى» نىسپىي ۋە بىر مۇرەككەپ ئاتالغۇ بولۇپ، كونكرېت يىل ھېسابى بويىچە 1680 ـ يىلى (بۇ يىلنامە ھەققىدە ئوخشىمىغان قاراش بار) ئافاق غوجىنىڭ قورچاق ھاكىمىيىتى تىكلەنگەن ۋاقىتتىن باشلاپ تاكى 1759 ـ يىلى چىڭ سۇلالىسى ھۆكۈمىتىنىڭ تەگرىتاغلىرىنىڭ جەنۇبى ۋە شىمالى قىسمىنى بىرلىككە كەلتۈرگىنىگە قەدەر ۋاقىتنى كۆرسىتىدۇ.

مەلۇمكى، غوجىلاردىن ئىبارەت بۇ ئالاھىدە ئىمتىيازلىق كىشلەرنىڭ ئۆز ھاكىمىيىتىنى شىنجاڭدىن ئىبارەت كەڭ زېمىندا تىكلەپ نەچچە ئون يىل ھۆكۈم سۈرۈشىنىڭ كۈچلۈك ئىجتىمائىي، سىياسىي ئاساسى بار ئىدى.

تارىخىي مەلۇماتلاردىن قارىغاندا، ياركەند (سەئىدىيە) خانلىقىنىڭ ئابدۇرېشىتخان زامانىسى (1533 — 1560 ـ يىللىرى)دا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى پەرغانە ۋادىسىنىڭ كاسان شەھىرىدە تۇغۇلغان ۋە نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنىڭ مۇرىتى بولۇپ يېتىشىپ چىقىپ، ئۆزىنى «پەيغەمبەر ئەۋلادى» دەپ ئاتىۋالغان مەخدۇم ئەئزەم (1463 — 1542) قاتارلىق بىر تۈركۈم كىشىلەر كاشغەر، ياركەند قاتارلىق جايلارغا كېلىپ ئولتۇراقلىشىپ ئۆزلىرىنىڭ نەقشىبەندىيە تەرىقىتىنى تارقىتىشقا باشلىغان ھەم ئۆزلىرىنى «غوجا»لار دەۋالغان.

كاشغەر غوجىلىرىنىڭ بوۋاكالانى بولغان مەخدۇمى ئەزەمنىڭ 13 ئوغلى بولۇپ، ئۇنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن چوڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەمىن (ئىشان كالان) بىلەن ئىككىنچى ئوغلى غوجا ئىسھاق ئوتتۇرىسىدا دادىسىنىڭ دىنىي ئىمتىيازىغا ئېرىشىش ئۈچۈن ئۆتكۈر زىددىيەت كۆرۈلگەن. كېيىنچە، مۇھەممەد ئەمىن بۇ كۈرەشتە ۋاقىتلىق ئۈستۈنلۈككە ئېرىشكەن.

مۇھەممەد ئەمىن كاشغەر — ئۇيغۇرلار يۇرتىدا مەلۇم ۋاقىت تەرغىبات پائالىيەتلىرى بىلەن شۇغۇللانغاندىن كېيىن، تۈرلۈك سەۋەبلەر بىلەن ماۋەرائۇننەھرگە كېتىشكە مەجبۇر بولىدۇ. ئۇنىڭغا مايىل مۇھەممەدخان ئاقسۇغا خان بولغاندىن كېيىن، ئوغلى مۇھەممەد يۈسۈپنى مۇھەممەدخاننىڭ تەربىيەسىگە ئەۋەتىدۇ. سىياسىي ۋەزىيەتتە يۈز بەرگەن ئۆزگىرىشلەر تۈپەيلى مۇھەممەد يۈسۈپ دادىسىنىڭ ۋاپاتىدىن كېيىن بۈگۈنكى شىنجاڭنىڭ قۇمۇل شەھىرىگە كېلىپ تۇرۇپ قالىدۇ ۋە كاشغەردىن بۇ شەھەرگە كېلىپ قالغان مىر سەئىد جەلىل كاشغەرىي ئىسىملىك كىشىنىڭ قىزى زۇلەيخا بېگىمگە ئۆيلىنىپ، ئۈچ ئوغۇل، ئۈچ قىز پەرزەنت كۆرىدۇ. ھىدايىتۇللا ئەنە شۇ پەرزەنتلەرنىڭ چوڭى ئىدى.

ھىدايىتۇللا غوجا 12 ـ 13 ياشلارغا كىرگەن يىلى دادىسى بىلەن كاشغەرگە كۆچۈپ كېلىدۇ. تەخمىنەن 1640 ـ يىللىرى دادىسى ئالەمدىن ئۆتىدۇ ۋە كاشغەر شەھىرىدىن ئانچە يىراق بولمىغان ياغدۇ دېگەن جايغا دەپنە قىلىنىدۇ. ھىدايىتۇللا غوجا نەسەب جەھەتتىن مەخدۇمى ئەزەم ئەۋلادى بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ ئۇنىڭ ناھايىتى تېز ئابرۇي قازىنىشى ۋە مۇرىد ئارتتۇرىشىدا مۇھىم رول ئوينايدۇ. ئەمەلىيەتتىمۇ ئەسلىدىكى «ئىشقىيە» ۋە كېيىنكى «ئاق تاغلىقلار»نىڭ مەركىزىگە ئايلىنىپ بېرىۋاتقان كاشغەرنىڭ ئۇنىڭغا ئېتىبارسىز قارىشى مۇمكىن ئەمەس ئىدى.

شۇنداق قىلىپ، ھىدايىتۇللا غوجا كاشغەردە تېز پۇرسەتتە مۇرىت ئارتتۇرىدۇ ۋە كاتتا ئابرۇي تېپىپ، «ئاق تاغلىقلار»نىڭ رەھبىرىگە ئايلىنىدۇ. نەتىجىدە «ئافاق — ئالەمنىڭ غوجىسى» دېگەن مەنىدىكى «خاجەئى ئافاق» (ئافاق خاجە) دېگەن نامنى ئالىدۇ.

ئافاق غوجا زامانى (1680 ـ يىلى باشلانغان)سىغا كېلىپ «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» ئىككى گۇ-

رەھ ئوتتۇرىسىدىكى ئۈستۈنلۈك تالىشىش كۈرىشى تېخىمۇ ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ياركەنت خانلىقىنىڭ مۇقىملىقىغا تەھدىت سېلىش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئىسمائىلخان (1670 — 1679) ئافاق غوجىنىڭ ياركەند خانلىقى تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىشى ھەققىدە پەرمان چۈشۈرىدۇ.

ياركەند خانلىقى تەۋەلىكىدىن چىقىپ كېتىشكە مەجبۇر بولغان ئافاق غوجا ئۆز سەپىرىدە گەنسۇ ئۆلكىسىنىڭ مەركىزى لەنجۇ شەھىرىگە يېقىن جايلاشقان جىيۇجۇ دېگەن جايدا بىر بۇددا ئىبادەتخانىسىنى ماكان ئەيلەپ، بۇ يەردە ئۇشبۇ دىنىنىڭ لاما مەزھىپىنىڭ رەھبىرى بىلەن ئۇچرىشىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئۆز ھالىنى ئېيتىدۇ. ئۇ كىشى ئۆز دىنىدىكى قالماقلارنىڭ خانى غالدان بۇشۇكتۇ (1617 — 1697)غا ئافاق غوجا ئۇنىڭ مەكتۇپىنى ئېلىپ ئېلىغا كېلىپ غالدان بىلەن ئۇچرىشىدۇ. خېلىدىن بېرى تەڭرىتاغنىڭ جەنۇبىغا لەشكەر تارتىش نىيىتىدە يۈرگەن غالدان ئۈچۈن بۇ ناھايىتى ياخشى پۇرسەت ئىدى. نەتىجىدە، 1679 - يىلى غالدان ئافاق غوجا باھانىسىدە كاشغەرگە باستۇرۇپ كېلىدۇ ۋە ئىسمائىلخاننى مەغلۇپ قىلىدۇ. شۇنداق قىلىپ، 165 يىل ياكى 166 يىل ھۆكۈم سۈرگەن ياركەند خانلىقى مۇنقەرز بولۇپ تارىخ سەھنىسىدىن چۈشىدۇ. غالدان ئافاق غوجىنىڭ ۋاكالەتچىسى سۈپىتىدە قورچاق خان قىلىپ تەيىنلەنىپ، ئىسمائىلخان ۋە ئۇنىڭ خاندانىنى ئەسىر ئورنىدا ئۆزلىرى بىلەن بىللە ئېلىغا ئېلىپ كېتىدۇ. ئافاق غوجا ئۇلارنى «بۇ خىزمىتىگە قۇرۇق قول يانمىسۇن دەپ، مىڭ تۇتۇن، مىڭ تەڭگىگە ھېساب قىلىپ سەرۇپاي ئىنئام قىلدىلەر، كېيىنكى زاماندا مىڭ تەڭگىگە تون مۇدەس بولۇپ قالدى» (مۇھەممەد سادىق كاشغەرىي «تەزكىرەئى ئەزىزان» 51 - بەت.) ئەمما، جوڭغارلار ئافاق خوجىغا پۈتۈنسۈرۈك «خانلىق» ھوقۇقىنى بەرمەستىن، بەلكى ئۇنى «سىمۋوللۇق ھۆكۈمران» قىلىپ قويۇپ، ئەمەلىي ھوقۇقنى يەنىلا ياركەند خانلىقىنىڭ خان جەمەتىگە مەنسۇپ ۋە تۇرپان ھۆكۈمرانى بولۇپ تۇرۇۋاتقان ئابدۇرېشىتقا تاپشۇرۇپ بېرىدۇ.

نېمىلا دېگەن بىلەن، ئافاق غوجا ئۇيغۇر يۇرتى بولغان كاشغەر ۋە ئۇنىڭ خەلقىنى جوڭغارلار (ئۇيراتلار ياكى قالماقلار)غا قارام قىلىپ بېرىش بەدىلىگە «قورچاق خان» بولغانىدى. شۇنىڭ بىلەن ئۇيغۇرلارنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدىكى جاڭجال ۋە نىزالار بىلەن تولغان زۇلمەتلىك بىر دەۋر — «غوجىلار دەۋرى» (1680 — 1759) نىڭ مۇقەددىمىسى باشلىنىدۇ. ۋاھالەنكى، ئافاق غوجىنىڭ «سىمۋول خاراكتېرلىك خان»لىقىمۇ ئۇزاققا بارمايدۇ. ئابدۇرېشىت ئافاق غوجىنىڭ تەسىرىنى ئاجىزلىتىش ئۈچۈن بىر قاتار چارە - تەدبىرلەرنى كۆرسىتىدۇ. ئافاق غوجا «چېكىنىش» ئارقىلىق «قايتۇرما ھۇجۇم قىلىش» تاكتىكىسىنى قوللىنىپ، ئابدۇرېشىتخاننى غۇلىتىپ تاشلايدۇ. ئۇنىڭ ئورنىغا ئىنىسى — ئاق تاغلىقلارغا مايىلراق بولغان مۇھەممەد ئەمىن ياركەند خانى بولىدۇ. مەسىلە بۇنىڭ بىلەنمۇ ھەل بولمايدۇ. ئاق تاغلىق، قارا تاغلىق دەپ ئاتالغان غوجىلارنىڭ ئىككى دىنىي مەزھىپى تاكى 1759 - يىلغىچە كاشغەرنى تەپرىقىچىلىق قىسمىتىگە دۇچار قىلىدۇ. يەنى «ئاق تاغلىق»، «قارا تاغلىق» ئىككى گۇرۇھنىڭ كۈرىشى بارغانسېرى ئەۋجىگە كۆتۈرۈلۈپ، ئۇلاردىن قايسىسى ئۈستۈنلۈكنى ئىگىلىسە شۇ گۇرۇھ ۋەكىللىرىنىڭ ھاكىمىيەتنى قولغا ئېلىشى ئەنئەنىگە ئايلىنىدۇ ۋە ناھايىتى كۆپ پاجىئەلەر يۈز بېرىدۇ.

گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي قاتارلىقلار مانا مۇشۇنداق بىر مۇرەككەپ دەۋردە ياشىغان. ئۇلار جوڭغارلارنىڭ قولچومىقى بولۇپ كاشغەرىيەدە ھاكىمىيەت سوراۋاتقان بىر تۇركۇم غوجا ئاق سۆڭەكلىرىنىڭ يۇرتنى دەپسەندە قىلىش، خەلق ئاممىسىنى قاقتى - سوقتى قىلىش، ئۆزلىرىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ھېسابىغا يۇرتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قۇربان قىلىۋاتقانلىقىنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈۋاتقان، تۇزكورلۇق، نەپسانىيەتچىلىك قىلمىشىنىڭ ماھىيىتىنى چۈشىنىپ يېتىۋاتقان بولغانلىقى ۋە ئاز سانلىق غوجىلارنىڭ نەقشبەندىيە سۇلۇكىنى سۇيىئىستېمال قىلىپ ئوتتۇرىغا چىقارغان «تەركىمۇۋەتەن قارىشى»

ئەينى چاغ كىشىلىرىنىڭ ئىدېئولوگىيەسىگە بەلگىلىك دەرىجىدە تەسىر قىلىۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىپ يەتكەنلىكى ئۈچۈن، ۋىجدانلىق، يىراقنى كۆرىدىغان بۇ شائىرلار تالان - تاراج قىلىنىۋاتقان، دەپسەندە قىلىنىۋاتقان يۇرتىنىڭ تەقدىرىنى، خانىۋەيرانچىلىققا ئۇچراۋاتقان يۇرتداشلىرىنىڭ ھال - ئەھۋالىنى كۆرۈپ، ئىچ - ئىچىدىن ئېچىنغان، غەزىپى قايناپ - تاشقان بىر ھالەتكە كەلگەن. شۇنىڭ بىلەن، يۇرتداشلىرىنىڭ دەردىگە دەرمان، ئازابىغا مەلھەم، سۇنغان روھىغا ئۈمىد، ئېگىلگەن قامىتىگە جاسارەت بېغىشلاش مەقسىتىدە قوللىرىغا قەلەم ئېلىپ، يۇرتىنىڭ مۇقەددەسلىكى، كۆركەملىكى، ئۇلۇغلىقىنى نامايان قىلىدىغان، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا ئىگە غەزەللىرىنى ئوتتۇرىغا چىقارغان.

شۇنىسى ئېنىقكى، «ئۈچ غەزەل»نىڭ مەيدانغا كېلىشى تاسادىپىيلىق بولماستىن، بەلكى بىر تارىخىي مۇقەررەرلىك. يۇقىرىدا دېيىلگەندەك، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى زامان ئەدەبىياتىدا خەلقچىللىق، يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئەكس ئەتكەن. ئەمما بۇنداق ئىدىيە غۇۋاراق، شالاڭراق، ئابستراكت ئۇسۇلدا ئەكس ئەتكەن. ئۇنىڭغا كۆپ ھاللاردا تاسادىپىيلىق ئامىللىرى ئارىلىشىپ قالغان. مۇقەررەرلىك جەريانىغا دېگەندەك يېتەلمىگەن. بۇنىڭ تارىخىي، ئىجتىمائىي ۋە مەدەنىي سەۋەبلىرى بار، ئەلۋەتتە. گۇمانىم، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلار ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيەسىدە مۇھىم بىر بۇرۇلۇش بولۇۋاتقان، تېخىمۇ يۈكسىلىش، تۇراقلىشىش ئالامىتى كۆرۈلۈۋاتقان بىر پەيتتە ياشىغانلىقى ئۈچۈن، دەۋرنىڭ تەرەققىيات يۈزلىنىشىنى، يۇرتداشلىرىنىڭ ئىدىيەۋى ئاڭ ئۆزگىرىشىنى، جەمئىيەتنىڭ ئىجتىمائىي پىكىر ئېقىمىدىكى بۇرۇلۇشنى يىراقنى كۆرەرلىك ئاساسىدا، سەزگۈرلۈك بىلەن كۆزىتىپ ھەم ئۇيغۇرلارنىڭ يۇرت سۆيەرلىك قارىشىدىكى تاسادىپىيلىق يۆنىلىشىدىن مۇقەررەرلىك يۆنىلىشىگە بۇرۇلغان ھالقىلىق پەيتنى چىڭ تۇتۇپ، دېلىغۇللۇقنى تاشلاپ، كۆكرەك كېرىپ ئوتتۇرىغا چىقىپ، قولىغا قەلەم ئېلىپ، ئۆز يۇرتلىرىنىڭ گۈزەل سىماسىنى، سەلتەنەتلىك ئوبرازىنى زوق - شوخ بىلەن مەدھىيەلەپ، مۇستەھكەم ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت تارىخىي مۇقەررەرلىكنىڭ شوئارىنى ئۈنلۈك توۋلىيالىغان. بۇ ئارقىلىق ھەربىر ئاڭلىق ئىنساندا ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئۇلۇغۋار چۈشەنچە - ئېتىقادنىڭ بولىدىغانلىقىدىن ئىبارەت مۇقەررەرلىكنىڭ شەيئىنىڭ تەرەققىيات جەريانىدىكى ساقلىنىپ بولمايدىغان، چوقۇم بارلىققا كېلىدىغان ئاڭ - يۈزلىنىش ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم بەدىئىي ئۇسلۇبتا ئىپادىلەپ، بۇ ھەقتىكى ئۆزىنىڭ خاھىشىنى روشەن ھالدا ئىسپاتلاپ بەرگەن.

### «ئۈچ غەزەل»دىكى بەدىئىي ماھارەت

بۇ ئۈچ غەزەل پوئېزىيەنىڭ لىرىك تۈرىگە مەنسۇپ بولۇپ، شەرق مۇسۇلمان ئەللىرى ئەدەبىياتىدا ئۇزاق تارىخقا ۋە چوڭقۇر تەسىرگە ئىگە. جۈملىدىن ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدىمۇ يۈسۈپ خاس ھاجىپنىڭ «قۇتادغۇبىلىك» (1069 ــ 1070 - يىللىرى) داستانىدىكى غەزەل ژانىرىغا مەنسۇپ بەزى شېئىرىي كۇپلېتلارنى باشلىنىش نۇقتىسى قىلىپ ھېسابلىغاندا، ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مىڭ يىللىق تارىخنى بېسىپ ئۆتكەن. چاغاتاي تىلى ئۇسلۇبىدىكى ئەدەبىياتنىڭ دەسلەپكى نامايەندىلىرى بولغان ئاتايى، سەككاكىي، لۇتفىي ۋە نەۋايىلارنىڭ شېئىرىي ئەسەرلىرى ئىچىدە غەزەللەرنىڭ تۇتقان ئورنى بىرقەدەر مۇھىم. بولۇپمۇ، ئۇستاز ئەلىشىر نەۋايى ئۇيغۇر ــ تۈركىي شېئىرىيەتتە غەزەلچىلىكنى يۇقىرى سەۋىيەگە يەتكۈزگەن. ئۇنىڭ «خەزائىنۇل - مەئانىي» ناملىق ئەسىرىدە 2600 پارچىدىن ئارتۇق غەزەل بولۇپ، مەيلى ئەدىيەۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇر ــ تۈركىي شېئىرىيىتىدىكى غەزەلچىلىكنىڭ مۇنەۋۋەر ئۈلگىسىنى تىكلەپ بەرگەن. كېيىنكى شائىرلار غەزەل ئىجادىيىتىدە مانا مۇشۇ نەۋايى يېزىپ قالدۇرۇپ كەتكەن غەزەللەرنى ئۈلگە قىلىپ، ئۆز غەزەللىرىنى مەيدانغا كەلتۈرگەن.

ئۇلۇغ شائىر نەۋايى خەلقچىللىق روھى ۋە ئىنتېرناتسيونالىزملىق روھقا ئىگە شائىر بولغانلىقى ئۈچۈن،
غەزەللىرىدە ناھايىتى كەڭ ئىجتىمائىي مەزمۇنلارنى ئەكس ئەتكۈزگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىقنىڭ
ياڭراق شوئارلىرىنى تۇۋلىغان. ئەمما، بۇ خىل ئىدىيە نەۋايى ئەسەرلىرىدە يوشۇرۇن، ئابستراكت ئۇسۇلدا
ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. 18 ـ ئەسىردە ياشىغان ياركەندلىك يەنە بىر رېئالىزمچى شائىر مۇھەممەد سىددىق
زەلىلىي شېئىرلىرىدا ۋەتەنپەرۋەرلىك بىرقەدەر كونكرېت ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بولسىمۇ، بىراق خاسلـ-
شالمىغان، ئوبرازى يىغىنچاقلىنالمىغان. گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلار بولسا ئەجدادلىرىنىڭ بەدىئىي
ئىجادىيىتىدىكى تەجرىبە ـ ساۋاقلىرىنى ئەستايىدىل يەكۈنلەپ، يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيەسىنى زور دەرد-
جىدە خاسلاشتۇرغان، يىغىنچاقلاشقا تولىمۇ كۈچەپ، يۇرت سۆيەرلىك مەزمۇنىدىكى لىرىكا يېزىشتا ئۇتۇق
قازانغان.

غەزەل لىرىكىلىق ئەسەر بولۇپ، ئۇنىڭدا قويۇق ۋە تولغۇن ھېسسىيات ئاساس قىلىنىدۇ. لىرىك
ئوبراز يارىتىلىدۇ. ۋەقەلىك تىپىك ھەم كونكرېت بولمايدۇ. شۇڭا، ئۇ قىسقا يېزىلىدۇ. مەسىلەن، «خەزا-
ئىنۇل ـ مەئانىي»دىكى غەزەللەرنى تەكشۈرگەندە، ئۇلارنىڭ بەش بېيىتتىن 11 بېيىتقىچە بولغان غەزەل-
لەردىن تەركىبلەنگەنلىكىنى بىلىۋالالايمىز. لىرىكىلاردا ھېسسىيات قانچىكى قويۇق، تولغۇن ھالدا ئىپا-
دىلىنىپ، ئۇرغۇپ تۇرسا، ئۇنداقتا بۇنداق شېئىرلارنىڭ تەسىرچانلىقى ۋە جەڭگىۋارلىقى كۈچلۈك بولى-
دۇ. قويۇق ھېسسىيات تېز ئەكس ئېتىدۇ، ئۇزاققىچە تەسىرىنى سۇسلاشتۇرمايدۇ. گۇمنام، نەۋبەتىي،
مەشھۇرىيلار قايناق يۇرت سۆيەرلىك ھېسسىياتىنى ۋايىگە يەتكۈزۈپ ئىپادىلەش ئۈچۈن، لىرىك شېئىرد-
يەتنىڭ يېتەكچىسى ۋە جەڭگىۋار ژانىرى ھېسابلانغان غەزەل ژانىرىدىن پايدىلىنىپ، كۆزلىگەن مەقسەت-
كە يەتكەن. ئۇلارنىڭ ياراتقان «كاشغەر، خوتەن، ياركەند»تىن ئىبارەت ئۈچ ئوبرازى لىرىك ئوبرازلار بول-
سىمۇ، بىراق كونكرېت ۋە تىپىك ئوبراز بولۇش شەرتىگە يېقىنلاشقان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئو-
قۇرمەن بۇ «ئۈچ غەزەل»نى بېرىلىپ ئوقۇغىنىدا، ئۇنىڭدىكى قويۇق لىرىكىلىق ئوبراز ئىچىدىن تىپىك-
رەك ۋە كونكرېتراق بولغان كاشغەر، خوتەن، ياركەنتلەرنىڭ ئوبرازىنى كۆز ئالدىغا كەلتۈرەلەيدۇ.

غەزەل ژانىرىدا شەكىلنىڭ تۇتقان ئورنى تولىمۇ مۇھىم. بولۇپمۇ، كىلاسسىك شائىرلار غەزەل ياز-
غاندا غەزەللەرنى 5 كۇپلېتتىن 13 ياكى 15 كۇپلېت بىلەن تۈگەللىگەن. كۆپ غەزەللەر بەش، يەتتە، توق-
قۇز كۇبلېت قىلىپ يېزىلغان. كۇپلېتلار ئىككى مىسرادىن تەركىب تاپقان. غەزەل يېزىش ئۈچۈن شا-
ئىرلار ئارۇز ۋەزنىنى تاللىغان ھەم ئارۇز ۋەزنىنىڭ خالىغان بەھرىلىرىنى تەدبىقلىغان. رىتىم، ۋەزىن،
تۇراق، قاپىيە، رادىف، ئىنتىزاملىرىغا قاتتىق رىئايە قىلغان، قاپىيە سۆزلەرنى كۆڭۈل قويۇپ تاللىغان.
گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلارنىڭ «ئۈچ غەزەل»ى بولسا كىلاسسىكلارنىڭ غەزەلچىلىك ئەنئەنىسىگە تو-
لۇق ۋارىسلىق قىلىنغان ئاساستا يېزىلغان. بولۇپمۇ گۇمنامىنىڭ غەزىلى توققۇز كۇپلېت بولۇش ئالاھى-
دىلىكى بىلەن نەۋايى غەزەللىرىدە قوللىنىلغان مۇتلەق كۆپ ساندىكى توققۇز كۇپلېتلىق غەزەل شەكلى
بىلەن بىردەك بولغان. نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلارنىڭ 12 كۇپلېتتىن تەركىبلەنگەن غەزەللىرى ئەنئەنىۋى
غەزەلچىلىكنىڭ كۇپلېت سانىدا قوللىنىلىدىغان تاق سانلىق كۇپلېت تۈزۈش قائىدىسى (مەسىلەن، 5،
7، 9، 11، 13، 15 كۇپلېت بولۇشتەك ئەندىزە)گە ئوخشىمايدىغان بولسىمۇ (بۇنىڭدا باشقا سەۋەب بولۇ-
شىمۇ مۇمكىن)، بىراق ئۇزۇن يېزىلماي، كەڭ ۋە چوڭقۇر پىكىرلىك كىچىك ھەجىملىك شېئىرىي كۇپ-
لېتلاردا ئىنتايىن روشەن، جەزىبدار، ئىنتايىن ئويناق ھالەتتە ئىپادىلەنگەن. بۇ لىرىكىلار تولىمۇ راۋان
تىل بىلەن تۇراق ئايرىمىسى ئېنىق، ئاھاڭدار ئۇسلۇبتا يېزىلغان. مىسرالارغا بەك پاساھەتلىك سۆزلەر
تاللانغان، توق ۋە توپ سۆزلۈك قاپىيەلەر ئىشلىتىلگەن.

گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلارنىڭ «ئۈچ غەزەل»ىدىكى تىلنىڭ پاساھەتلىك ۋە ئۆتكۈرلۈكى، بولۇپ-

مۇ ئەرەبچە، پارسچە سۆز ـ ئاتالغۇلارنىڭ كۆپرەك قوللىنىلىشى بىلەن ئۆزگىچە ئالاھىدىلىكنى شەكىللەندۈرگەنلىكى، بۇ شائىرلارنىڭ بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ چوڭقۇر ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلاپ بېرىدۇ. شۇنداق قاراشقا بولىدۇكى، شائىرلار يۇقىرى مەدرىسە مائارىپى بىلەن تەربىيەلەنگەن، ئۆز خەلقىنىڭ ئەدەبىياتىدىن باشقا ئەرەب، پارس تىل ـ ئەدەبىياتى، مەدەنىيىتى بىلەن تونۇشلۇقى قويۇق بولغان. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ شېئىرىي دىۋانلىرىغا كىرگۈزۈلگەن لىرىك شېئىرلىرىدىن باشقا، مۇشۇ «ئۈچ غەزەل»دە تۈركىي، ئەرەب، پارس تىللىرىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى تەڭ نىسبەتتە قوللىنىپ، كۆزلىگەن نىشانغا ئۇتۇقلۇق يەتكەن، ئوتتۇرىغا قويماقچى بولغان پىكرىنى روشەن ھالدا ئىپادىلىيەلىگەن. بۇ يەردە شۇنى قىستۇرما قىلىشقا توغرا كېلىدۇكى، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىيلارنىڭ ئەرەب، پارس تىلىدىكى سۆز ـ ئاتالغۇلارنى كۆپرەك قوللانغانلىقى ئۆز دەۋرىنىڭ تىل ـ ئەدەبىيات، مەدەنىيەت ساھەسىدىكى ئالاھىدە بىر خىل ھادىسە بولۇپ، بۇنى ئىلمىي چۈشىنىش لازىم، ئەلۋەتتە. بۇنىڭغا بۈگۈنكى قاراش بويىچە مۇئامىلە قىلىدىغان بولساق، مۇھاكىمىدە يېڭىلگەن بولىمىز.

## قەلەندەر ۋە «خوتەننامە»

ئافغانىستاننىڭ قۇندۇز شەھىرىدە تۇغۇلۇپ چوڭ بولۇپ، خوتەندە ئولتۇراقلىشىپ قالغان شائىر قەلەندەر 18 ــ 19 ـ ئەسىر شىنجاڭ ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مۇھىم ئورۇن تۇتۇپ كەلگەن. ئۇ شېئىرىيەتنىڭ لىرىك ۋە ئېپىك تۈرىدە نادىر ئەسەرلەرنى يازغان، ئۇنىڭ «دىۋانى قەلەندەر» ناملىق توپلىمى ساقلىنىپ قالغان. يەنە دۇنياۋى ئەسەر «شاھنامە»نى پارس تىلىدىن ئۇيغۇر تىلىغا تەرجىمە قىلىپ چىققان. ئۇنىڭ بەدىئىي ئىجادىيىتىدە «خوتەننامە» دېگەن داستانىنىڭ تۇتقان ئورنى ئالاھىدە چوڭ بولغان. خوتەن قەسىدىسى ھېسابلانغان بۇ داستان يۇرت سۆيەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان ئېسىل ئەسەرلەرنىڭ بىرى. ئۇ ئىككى قىسىمغا بۆلۈنگەن. جەمئىي 306 مىسرا. داستاننىڭ سىرلەۋھەسىدە بېشارەت بېرىلىشىچە، شائىرنىڭ ئۇلپەتداشلىرى «ئوبدان ۋە چوڭ شەھەرلەرنى تاشلاپسىز، خوتەنگە بارىپ تۇرۇپسىز، بىزلەر ئېشىتتۇك، خوتەن كىچىك ۋە ياقا يۇرت ئىكەن» دېگەن مەزمۇندا ئۇنىڭغا خەت يازغان. شائىر خەتنى تاپشۇرۇۋالغاندىن كېيىن، چوڭقۇر ئويلىنىپ، ئەمەلىي سېلىشتۇرۇش، كۆرۈپ پەرق ئېتىش، ھەقىقىي يۇرت تەمىنى تېتىشتەك سەرگۈزەشتىلىرى ئاساسىدا قويۇق ۋە ساپ، تەبىئىي يۇرت سۆيەرلىك ھېسسىياتى بىلەن سۇغۇرۇلغان رېئاللىزملىق روھقا ئىگە سالام خەت «خوتەننامە»نى يېزىپ چىقىدۇ. شائىر «خوتەن» يۇرتىدىن ئىبارەت بۇ ئوبرازنى جانلىق تەسۋىرىي ۋاسىتىلەر بىلەن لىرىك ھېسسىياتنى بىرلەشتۈرگەن ھالدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ سۈرەتلەيدۇ. قەلەندەر پىكرىنى لوگىكىلىق تەرتىپ بويىچە قانات يايدۇرۇپ، دەسلەپ ئۇزىنىڭ باياشات تۇرمۇشى، دىلى سۇ ئىچەر يۇرتىدىن قوزۇق قول سەپەرگە ئاتلىنىپ، شەھەر كېزىپ، ئاخىر خوتەنگە كېلىپ قالغانلىقى، كېلىپ قارىغۇدەك بولسا، خوتەننىڭ ھەقىقەتەن تۇرۇپ قالغۇچىلىكى بار، يەرلىرى گۈلىستان، خەلقى كەرەملىك ساھىبخانا ئىكەنلىكىنى كۆرگەنلىكىنى يازىدۇ. شائىر خوتەندە تۇرغانسېرى ئۇنىڭغا بولغان مېھىر ـ مۇھەببىتى چوڭقۇرلىشىدۇ. قەلبىدە ئوتلۇق ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تاشىدۇ. خوتەننىڭ يەر ـ زېمىنلىرى، باغ ـ باراڭلىرى، نازۇنېمەتلىرى، گۈل ـ گىياھ، ئاشلىق، مېۋە ـ چىۋىلىرى، ئوتياش ـ كۆكتاتلىرى، قاشتېشى زەركان بايلىقلىرى، قولى گۈل كاسىپلار ئىشلىگەن شايى ـ ئەتلەس، خام ـ ماتالىرى، ئاق كۆڭۈل ۋە مېھرىبان كىشىلىرى، چېۋەر ھۈنەر ئۇستىكارلىرى، ئىناق باياشات جەمئىيىتى شائىرغا زور ئىلھام مەنبەسى بولىدۇ. ئۇ ئۆزى كۆرگەن ۋە ئېسىل تەرىپلىرىنى ئاڭلىغان سەمەرقەند، تاشكەنت، ئىسفەھان، كەشمىر، بۇلغار، باغداد، ئۈرگەنچ، شىراز قاتارلىق شەھەرلەر بىلەن خوتەننى ئەمەلىي مىسال، ئېنىق تەسۋىرىي بوياقلار ئارقىلىق سېلىشتۇرۇپ كۆرسىتىپ، ئۆزى

كۆڭۈل قويغان مۇبارەك يۇرتىنى يۇقىرى جەلپ قىلىش كۈچى بار سۆيۈملۈك دىيار مىسالىدا ۋايىغا يەتكۈزۈپ ئەكس ئەتتۈرىدۇ. قەلەندەر ئېتىبارسىز شەيئىنى كۆڭۈلگە ياققان يۇرتىنىڭ نەرسىسى دەپ بىلگىنىدە ئۇنى ئېستېتىك تەپەككۇر بىلەن نەقىشلەپ مۇنداق يازىدۇ:

خوتەن باغىنى چىتلاتقان تىكەنى،
دېمە سەن شەھرى سەبزىڭ نەۋبەھارى.

شائىرنىڭ بۇ يەردە تەسۋىرلەۋاتقىنى غايىۋى يەر، ھەۋزى كەۋسەرلىرى خىيالىي لەززەت بەرگۈچى سىرلىق جاي ئەمەس، بەلكى كىشىنى نەق نازۇنېمەتلەر بىلەن تەمىن ئەتكۈچى رېئال جەمئىيەت ئىدى. شۇڭا، قەلەندەر روھانىيلار ۋە مۇتەئەسسىپلەرنىڭ خۇراپىي قاراشلىرىغا قارشى ھالدا شىجائەت بىلەن قەلەمنى ئىشقا سېلىپ، كونكرېت، رېئال جەننەتنى مۇنداق سۈرەتلەيدۇ:

نەسەبىم ئاخىر تۈشتى خوتەنگە، ئېرۇر خەلقىنىڭ ئېينەكتەك زەمىرى.
كۆز ئاچتىمكىم، تۇشۇپدۇرمەن چەمەنگە. خوتەن دېمە، دېگىل فىردەۋسى ئەئلا،
خوتەن دېمە، گۈلىستانى ئېرەم دە، كەمالى قۇدرەتى ۋاجىب تەئالا.
تەمامى خەلقىنى ساھىب كەرەم دە. خوتەن دېمە، دېگىل دۇنيا بېھىشتى،
خوتەن دېمە، دېگىل جەننەت نەزىرى، بولۇپتۇر نۇرى رەھمەتدىن سىرىشتى.

مەلۇمكى، قەلەندەر ياشىغان دەۋردىكى شائىرلار يۇرت ـ ۋەتەننى ئېنىق بولغان ئىبارىلەر بىلەن بەس ـ بەستە زوقلىنىپ كۈيلەشكەن بولسىمۇ، لېكىن، كېيىنكى مەزگىللەرگە كەلگەندە، بولۇپمۇ ئابدۇرېھىم نىزارىي بەدىئىي ئىجادىيەت ئېلىپ بارغان دەۋر (1820 — 1850 ـ يىللار)دە بۇ خىل قىزغىنلىقتا قانداقتۇر بىر خىل ئېسكەنگىرەش ھادىسىسى كۆرۈلگەنىدى. شائىر قەلەندەر بۇ خىل تۇرغۇنلۇقنى چەبدەسلىك بىلەن ئۆزگەرتىپ يۇرت مەدھىيەسى ئىدىيەسىنى ئەدەبىيات ساھەسىدە جۇلالاندۇرۇپ، بىر بايراقدارغا ئايلاندى. بۇ قەدىرلەشكە تېگىشلىك روھ ئىدى. قەلەندەر ھەقىقەتەن بىر تەۋرەنمەس ۋەتەنپەرۋەر شائىر. ئۇ تۇزىنى يەپ، ئېشىنى ئىچىپ ئىززەتلىك مېھمان بولۇپ، كۆڭلىنى ماگنىتتەك ئۆزىگە تارتقان ئىككىنچى يۇرتى خوتەننىلا چەكسىز ياخشى كۆرگەنلىكىنى چىن ھېسسىياتى بىلەن ئىزھار قىلىپلا قالماستىن، بەلكى كىندىك قېنى تۆكۈلگەن، سۆيۈملۈك ئانا يۇرتى «قۇندۇز»دىنمۇ مېھرىنى ئۈزەلمەي، دائىم پىكىر زىكرىدە يۇرتىنى ياد ئەتكەن، ئۇنىڭغا زارىقىپ، تەلپۈنگەنلىكىنى ئىپادىلەپ تۇرغان، مانا بۇلار شائىرنىڭ تەۋرەنمەس ئىرادىگە، قايتماس ئىدىيەگە ئىگە زامانىسىنىڭ ئويغاق، زېرەك ئوغلانى ئىكەنلىكىنى ئۇقتۇرىدۇ. قەلەندەر ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەنى خەلقپەرۋەرلىك ئىدىيە بىلەن چەمبەرچاس باغلاپ چۈشەنگەن، ئۇ بۇ خىل چۈشەنچىسىنى «خوتەننامە»نىڭ ئىككىنچى ئابزاسىدا مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا كۆرسىتىپ بەرگەن. قەلەندەر بۇنىڭدا بىر گۈزەل رەنانىڭ ئېسىل تەرىپاتىنى قىلىپ، ئۇنىڭغا بولغان چوڭقۇر مېھىر ـ مۇھەببىتى، يالقۇنجاپ تۇرغان ئوتلۇق ئىشتىياقى، پاك ئارزۇ ۋە ھەۋىسىنى ئىپادىلىگەن. شائىرنىڭ قەلبىنى چۇلغىۋالغان بۇ رەنا ساماۋى غايىۋى گۈزەل ئەمەس بەلكى ئۇ كېزىپ ئارىلاپ يۈرگەن يۇرتنىڭ گۈزىلى ئىدى:

يۈرۈپ ئەردىم خوتەن شەھرىدە ھەر يان،
كۆرۈندى كۆزۈمە بىر ماھى تابان.

كىتاب نۇر بىلىكى www.nurkitap.com

ئاجايىپ مەھۋەشۇ رۇخسارەسى گۇل،
قەلەندەر بولدى گۇلزارىغا بۇلبۇل.

شائىر نەزىرىدە ۋەتەن دېمەك خەلق دېمەكتۇر. يەنى بۇ ئورۇندا تىلغا ئېلىنغان «ماھى تابان» نوقۇل ئاشىق تەرىزدە شەيدا بولغان مەشۇق ئەمەس، بەلكى يۇرتىنىڭ كۆركى ۋە زىننىتى بولغان خەلق ئىدى. ئۇ بۇ چۈشەنچىسىنى مۇنداق روشەنلەشتۇرگەن:

خوتەن ئەسلىدە ئەردى باغۇ بوستان، سالىپتۇر بۇ خوتەن ئىچرە ئاتەش.
تۇغۇلدى ئول پەرى بولدى گۇلىستان. خوتەن شەھرىنىڭ ئول زىننەتىدۇر،
تۇغۇلدى ئانادىن ئول شوخ مەھۋەش، ئەرۇسى مۇلك ھۇسنىنىڭ سەۋلەتىدۇر.

قەلەندەرنىڭ شۇنچە يەرلەرنى كېزىپ، كۆپ كىشىلەرنى كۆرۈپ، ئاخىر ئۆز رەنانى خوتەندە ئۇچراتقانلىقى ۋە ئۇنىڭ ھارارەتلىك ئىشق ـ پىراقىدا ئۆمرىنى خۇشچاغ ئۆتكۈزگەنلىكىنى كۆڭۈل قويۇپ تەسۋىرلىشىنىڭ روشەن قاراتمىلىقى بار ئىدى. دېمەك، شائىرنىڭ بۇ خىل ئوي ـ پىكرىدە باياشات يۇرتنى ياخشى كۆرۈشلا ئەمەس، بەلكى يۇرتنى ئاۋاتلاشتۇرغۇچى خەلقنىمۇ ھۆرمەتلەش، ئىززەتلەش ھېسسىياتى ئۇرغۇپ تۇرغان. بۇلار شائىر چۈشەنچىسىنىڭ كەڭ ئىكەنلىكىنى تەكرار ئىسپاتلايدۇ.

ئومۇمەن، قەلەندەر شېئىرىي مىسرالىرى بىلەن ئۆز دەۋرىنىڭ ھال ـ ئەھۋالىنى ئىپادىلىدى. مۇڭ ـ زارىنى نەزمىگە قاتتى، ئوي ـ پىكىرلىرىنى ئىزھار قىلدى. زاماندىشلىرىنىڭ ئىرادىسىگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىدىيەۋى يۈنىلىشىگە شاھىت بولدى. شۇڭا، ماددىي جەھەتتە «قەلەندەر» سۈپىتى بىلەن خارلىنىپ قالماستىن، بەلكى ئالىيجاناب ئەخلاقىي پەزىلىتى، باھاسىز مەنىۋى ئەمگىكى بىلەن يۇرتداشلىرى ئارىسىدا قەدىر ـ قىممەتكە ئېرىشىپ كەلدى.

### ئابدۇلۋاھىد ۋە «كاشغەر» ھەققىدە مۇخەممەس

ئابدۇلۋاھىد (1842 ــ 1923)نىڭ تولۇق ئىسمى داموللا ئابدۇلۋاھىد قازىھاجى بولۇپ، كاشغەر شەھىرى نەزەرباغ يېزىسىنىڭ قوشكۆل كەنتىدە تۇغۇلغان. كاشغەر شەھىرىدە مەدرىسلەردە ئوقۇغان ۋە شۇ شەھەردە ياشىغان. جۈملىدىن كاشغەر شەھىرىدە قازىلىق خىزمىتىنى ئادىللىق بىلەن بېجىرىپ، يۇرتداشلار ئارىسىدا ياخشى تەسىر قالدۇرغان. ئۇ «كاشغەر» توغرىسىدا مۇنداق بىر پارچە مۇخەممەس يېزىپ قالدۇرغان:

شەرئىگە قىلغىل ئەمەل، ئەي جۈملە كارى كاشغەر،
بادەئى راھى تەرىقەت، جۈملە يارى كاشغەر،
ھامىلى مەغزى ھەقىقەت بىر دىيارى كاشغەر،
مىسكىنۇ يەتىم ـ يەسىرلەر غەمگۇزارى كاشغەر،
ئىلمۇ ئىرفان، شانۇ شەۋكەتنىڭ مۇنارى كاشغەر.

(ئەي كاشغەر شەرئىگە ئەمەل قىل، تەرىقەت مەيى يولى مىسالى كاشغەر، ھەقىقەتنى ئەقىل بىلەن كۆتۈرگۈچى ئەزىز دىيار كاشغەر، مىسكىن يېتىم ـ يېسىرلارنىڭ غەمگۇزارى كاشغەر، ئىلىم ـ ئېرپان، شانۇ شەۋكەتنىڭ يۈكسىكى كاشغەر).

شۈكرىلىللا، ھەق ياراتتى كاشغەرنى سەربەلەند،
دوستلارغا مەسكەن ئەتتى تەڭرىگە بولغاچ پەسەند،
يەتمىگەي ئافاتى ھادىس شەررىدىن سوزى گەزەند،
شۆھرەت ئەرمىش ئابى رەھمەت جايىدۇر باغى بەلەند،
يۈز ئېرىقتا جايى ئەرمىش ھەر ديارى كاشغەر.

ئۆزگە ئىقلىملاردا بولسا جەبر بىدادى زۇلۇم،
ھىندۇۋۇ شامۇ خوراساندا يۈرۈر بادى سەمۇم،
بەلخۇ تۈركىستان ئارا تاغدىن كېلۇر سەيلى ئەجۇم،
دەفئى ئېتىپ تۇرلۇك بەلاۋۇ فىتنە بىرلە نەھسى يەۋم،
قىل ھەقىقەتدە تۇفەيل ئولغاچ مەزارى كاشغەر.

ھەقتەئالا بىزگە قىلغاي فەيزى رەھمەت دەمبۇدەم،
فەتھى نۇسرەت لۇتف ئېتىپ دۈشمەننى زىرۇ زىر قەدەم،
كۇفرى خارىستان باشىن قەتل ئەيلەگەي مىسلى قەلەم،
يەفئەلۇللاھ مايەشائ ھۆكمىنى تۇتۇپ مۇغتەنەم،
مىلك بەلادىن ساقلاغاي تەڭرى ديارى كاشغەر.

جەننەت ئەر بولسا، بىيىك بۇ كاشغەر ئاستىندەدۇر،
گەر تۆۋەن بولسا بېھىشت، ئانىڭ بۇ يەر ئۈستۈندەدۇر،
ۋەھم ئەيلەپ، يەتتە دەۋزەخ بۇ خەبەر ئۈستۈندەدۇر،
تەشنەلىكتىن ئۆزگە ئىقلىملار خەتەر ئۈستۈندەدۇر،
ياغدۇرۇپ رەھمەت سۈيىن ئەبرى بەھارى كاشغەر.

ھەقتەئالا بەندەلەرگە لۇتف قىلغان چاغىدا،
نەچچە تۇرلۇك كان ياراتتى كاشغەرنىڭ تاغىدا،
ئەنجۇرۇ پىستە، ئانار، بادام گۇلىستان باغىدا،
مەدرىسە، مەكتەپ، مۇدەررىس، بىھىسابدۇر كانىدا
لەئلۇ ياقۇتۇ جەۋاھىر كۆھسارى كاشغەر.

ئارزۇ ئەيلەر كېلىپ، كۆرمەك شەھى ھىندۇستان،
قەيسەرى رۇمىي، شەھى ئىرانۇ مۇلكى ئىسفەھان،
خۇسرەۋى كۆچى فەرەڭۇ شەھرىيارى بوستان،
بولمادى كۆرمەك بەھەم بۇ جۇملەگە، ئەي دوستان،
ھەسرەت ئەتكەيلەر، بولالماي تاجدار كاشغەر.

كەلگەلى ھەسرەت يېگەنلەر، ھالىدۇر ئاسرۇ زەبۇن،
ئەيلەگەي ھاسىدلەر خەيلىنى تەڭرىم سەرنىگۇن،

ئۇيغۇرچە كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

باغرى بىريان، كۆزى گىريان، قەستىدۇر تۆكمەكتە خۇن،
بەرمەسۇن مەقسۇدىنى ھەرگىز خۇدايى زۇفۇنۇن،
خاھىشى ھەر كىمگە قىلماق خارۇزارى كاشغەر.

يا ئىلاھا، تاشلادى ئۆزىن ساڭا بىچارە پىر،
ئاجىزۇ بىچارەلەرگە سەن ئېرۇرسەن دەستىگىر،
بەس، تەۋۋەككۇل ئەيلەدىم لۇتفىڭگە مەن ئاجىز، فەقىر،
نەفسى شەيتان قەيدىدىن قۇتقاز مېنى، قىلما ئەسىر،
رەھىم قىلغىل ئەفۇ ئېتىپ جۇملە مەزارى كاشغەر.

### تەجەللىي رۇبائىيلىرىدا «كاشغەر» تەسۋىرى

ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىنىڭ ئاخىرقى ۋەكىلى، ھازىرقى زامان ئەدەبىياتىنىڭ باشلامچىلىرىدىن بىرى ھۇسەيىنخان ئەكبەر تەجەللىي (1856 ــ 1925) بولسا كاشغەر ھەققىدە ئاجايىپ پاساھەتلىك ۋە بالاغەتلىك مۇنداق لىرىكىلارنى يازغان:

جان فىزائىيۇ ئابۇ ھاۋايەش پىندارى،
كى ئافەرىنشى رۇھ ئەز تۇراب كاشغەرەست.
ئەھلى فەزل بەرانەدەم سۇخەنكى ھەر يەك شان،
ھەزار مەردۇ يەكى دەر ھىساب كاشغەرەست.

(كاشغەرنىڭ سۇ ۋە ھاۋاسىنىڭ جاننى ئارتتۇرغۇچىلىكىدىن «جاننىڭ يارىتىلىشى كاشغەر تۇپرىقىدىنمىكىن» دەپ گۇمان قىلىسەن. كاشغەردىكى پەزىلەت ئىگىلىرى ھەققىدە شۇنداق سۆز سۆزلەيمەنكى، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى كاشغەر ھېسابىدا بىر كىشى بولسىمۇ، ئەمما مىڭ كىشىگە تەڭدۇر).

زاھىل فەزل چەرانىم سۇخەنكى ھەر يەك شان،
ھەزارەد ھەر يەكىن دەر ھىساب كاشغەرەست.

(كاشغەر ھەققىدە ئانداقمۇ سۆز يۇرگۈزەلەيمەن. ئۇلارنىڭ ھەربىرى باشقا يەرلەردە مىڭ كىشى، لېكىن كاشغەرنىڭ ھېسابىدا بىر كىشى).

بىكەسبى ھۇسنى مەكارىم مەرەۋ بىكەردەد جەھان،
كى ئەين مەئانى ئەندەر كىتاب كاشغەرەست.

(ئىلىم تەلەپ قىلماق ئۈچۈن باشقا يەرگە سەپەر قىلما، چۈنكى بۇ مەنىلەرنىڭ ھەممىسى كاشغەر كىتابى ئىچىدە تېپىلىدۇ).

زى جىلۋە ھەشت بېھىشت ۋەز قەدىر ھەفت پەلەك،
نەسب كاشغەرەست ۋەنئىساب كاشغەرەست.

(سەككىز بېھىش كۆرۈنۈشىدە كۆرۈنۈش كاشغەرنىڭ نەسىبەسىدۇر. ئۇستۇنلۇكنىڭ نىسابى كامىل بولۇشتا كاشغەر يەتتە ئاسمانغا ئوخشايدۇ).

بۇنداق شېئىرىي مىسرالارنىڭ يۇرت سۆيەرلىك، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىشتىياقىنى ئۇلغايتىشتا پۈتكۈل ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ بايراقدارى بولۇپ كەلگەنلىكى ئۆز ـ ئۆزىدىن مەلۇم بولۇپ تۇرۇقلۇق.

شەۋقىي غەزىلىدە «كاشغەر» تەسۋىرى

شىنجاڭ دېموكراتىك ئۇيغۇر ئەدەبىياتىنىڭ ۋەكىلى قۇتلۇق هاجى شەۋقىي (1876 ــ 1937) 20 ـ ئەسىرنىڭ بېشىدا يازغان «كاشغەر» ناملىق غەزىلىدە مۇنداق مىسرالار بولغان:

كۆرمىگىل كاشغەرنى كەم، بۇ جايدا مەردانلار ياتۇر،
هەزرىتى سۇلتان ساتۇق بۇغرايى خاقانلار ياتۇر.
خەلق ئۈچۈن قۇربان بولۇپ، دۇشمەن بىلەن قىلغان كۆرەش،
ئول شەھىدۇ قەھرىمان ئالىپ ئارسلانلار ياتۇر.
نۇر چېچىپ «قۇتادغۇبىلىك» خەلقنى قىلغان بەختىيار،
خاس يۇسۇپ هاجىبقا ئوخشاش ئەھلى ئىرفانلار ياتۇر.
يادىگار ئەيلەپ جاهانغا يازدى «دىۋانۇ لۇغات»،
مەھمۇدىل كاشغەر كەبى ئەھلى شەرەف ـ شانلار ياتۇر.
ئەيلىگەن «شەۋقىي»نى مەفتۇن ئەل ئۈچۈن نۇرلار چېچىپ،
بۇ شەھەردە كۆپلىگەن خەلق ئوغلى ئىنسانلار ياتۇر.

يۇرت سۆيگۈسىگە بېغىشلانغان شېئىرلاردىكى ئىدىيەۋى يۈكسەكلىك

شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان ئۇيغۇر ئەدەبىياتى مۇنبىرىدە زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، قەلەندەر، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىي قاتارلىق شائىرلار بىرسىنىڭ ئىزىنى بىرسى بېسىپ، شېئىرىي هېسسىيات جەھەتتە بىر ـ بىرسىدىن قېلىشمىغۇدەك دەرىجىدە ھەربىر تەكتە كېلىپ، ئۆزلىرىنىڭ يۇرتىدىكى شانۇشەۋكەتلىك شەھەرلەر بولغان كاشغەر، خوتەن، ياركەندلەرنى زوق ـ شوخ بىلەن كۈيلەپ، جاهالەتلىك كونا جەمئىيەتتە، تەركىيۋەتەن، لاماكان پىكىر ئېقىمى يامراپ كەتكەن بۇرۇقتۇملۇق مۇھىتتا يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ زەپەر مارشىنى ياڭرىتىپ، تىللاردا داستان قىلغان. بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى پوئېزىيەنىڭ خىلمۇخىل تۈر ـ شەكىللىرىدە يېزىلغان بولغىنىغا قارىماي، ئۇلاردا ئوخشاشلا يۇرت سۆيەرلىك ــ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيە تەسۋىرلەنگەن. يەنى زەلىلىي كەڭ ئۇيغۇر يۇرتلىرىنى، گۇمنام، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەر كاشغەرنى، نەۋبەتىي، قەلەندەرلەر خوتەننى، مەشھۇرىي ياركەندنى چوڭقۇر مۇھەببىتى بىلەن كۈيلىگەن. مەلۇمكى، يۇرت سۆيەرلىك ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ تەركىبىي قىسمى. ۋەتەنپەرۋەرلىك بىلەن يۇرت سۆيەرلىك پەلسەپە ــ كىشىلىك قاراشتىكى ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ مۇناسىۋىتىگە ئوخشايدۇ. يۇرت سۆيەرلىك قىسمەنلىك ئۇقۇمىغا، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئومۇمىيلىق ئۇقۇمىغا ۋەكىللىك قىلىدۇ. ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك دىيالېكتىكىنىڭ بىر جۈپ مۇھىم كاتېگورىيەسى. ئۇلار شەيئىلەر ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى پۈتۈنلۈك ۋە ئايرىملىق جەھەتتىن ئەكس ئەتتۈرىدۇ ھەم يەكۈنلەيدۇ. ئومۇمىيلىق دېگەندە، شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈكى ۋە شەيئىلەر تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي جەريانى كۆزدە تۇتۇلىدۇ. شەيئىلەرنىڭ پۈتۈنلۈكىنى تەشكىل قىلغان ھەرقايسى قى-

سىملار، ھەرقايسى تەرەپلەر ۋە شەيئىلەرنىڭ تەرەققىياتى جەريانىدىكى باسقۇچلار قىسمەنلىك بولىدۇ.

ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىكنىڭ پەرقى نىسپىي بولىدۇ. مۇئەييەن شارائىتتا ئومۇمىي خاراكتېرلىك نەرسە ئىككىنچى بىر شارائىتتا قىسمەن خاراكتېرلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ، بۇنىڭ ئەكسىچە، مۇئەييەن شارائىتتا قىسمەن خاراكتېرلىك نەرسە ئىككىنچى بىر شارائىتتا ئومۇمىي خاراكتېرلىك نەرسىگە ئايلىنىدۇ. ئۇلۇغ ئىدىيە سانسىزلىغان يەككە ئىدىيە، ئۇششاق ئىشلاردىن يىغىلىپ ۋۇجۇدقا كېلىدۇ. مەسىلەن، گۇمنام، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەرنىڭ شېئىرىدا تەسۋىرلەنگەن «كاشغەر» — قەشقەردىكى ھەرقايسى شەھەر - ناھىيەلەرگە نىسبەتلەشتۈرۈپ ئېيتقاندا، ئۇ، ئومۇمىيلىق بولىدۇ، پۈتۈن شىنجاڭغا، پۈتۈن جۇڭگوغا نىسبەتەن ئېيتقاندا بولسا، قىسمەنلىك بولىدۇ. نەۋبەتىي، قەلەندەرلەرنىڭ قەلىمى ئاستىدىكى «خوتەن»، مەشھۇرىي قەلىمى ئاستىدىكى «ياركەند»لەر ھەققىدىمۇ شۇنداق پىكىرلەرنى ئېيتىش مۇمكىن.

ئومۇمىيلىق بىلەن قىسمەنلىك ھەم پەرقلىق، ھەم باغلىنىشلىق بولۇپ، ئىككىسى دىيالېكتىك بىرلىكنى تەشكىل قىلىدۇ. «بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسە قىسمەنلىكتىن ئايرىلىپ مۇستەقىل تۇرالمايدۇ. بىر پۈتۈنلۈك ئۆزىنىڭ بارلىق قىسمەنلىكلىرىدىن تەركىب تاپىدۇ». «قىسمەنلىك خاراكتېرىدىكى نەرسە بىر پۈتۈنلۈك خاراكتېرىدىكى نەرسىگە تەۋە بولىدۇ» (ماۋ زېدۇڭ: «جۇڭگو ئىنقىلابىي ئۇرۇشىنىڭ ئىستراتېگىيە مەسىلىسى»، «ماۋ زېدۇڭ تاللانما ئەسەرلىرى»، 1 - توم، ئۇيغۇر كونا يېزىق نەشرى، 325 - بەت). بۇنىڭدىن مەلۇمكى، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، قىسمەنلىك ئومۇمىيلىقنىڭ تەركىبىي قىسمى، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكتىن ئايرىلالمايدۇ. ھەرقايسى قىسمەنلىكلەر بولمىسا ئومۇمىيلىق بولمايدۇ. لېكىن، ئومۇمىيلىق قىسمەنلىكنىڭ ئاددىي يىغىندىسى ئەمەس، بەلكى ئىچكى باغلىنىشلىقى بولغان بىر پۈتۈن گەۋدە.

زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، قەلەندەر، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىي قاتارلىقلار كۈيلىگەن كاشغەر، خوتەن، ياركەندلەر كاشغەر، خوتەن، ياركەندلەرگە نىسبەتەن ئومۇمىيلىققا ئىگە ئۇقۇم، ئەمما، پۈتۈن مەملىكەتكە نىسبەتەن قىسمەنلىككە ئىگە ئۇقۇم. ۋاھالەنكى، يۈكسەك ۋەتەنپەرۋەرلىككە ئىگە بۇ ئوت يۈرەك، جاسارەتلىك شائىرلار تەسۋىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك ئىدىيەسى قىسمەنلىك دائىرىسىدىن ھالقىپ چىقىپ، ۋەتەنپەرۋەرلىكتىن ئىبارەت ئومۇمىيلىققا ئىگە ئالىيجاناب ئىدىيە، يۈكسەك قاراشنىڭ يالقۇنلۇق ئىپادىلىنىشى بولۇپ قالغان.

مەلۇمكى، كاشغەر، خوتەن، ياركەندلەر شىنجاڭدىكى قەدىمكى تارىختا، باي مەدەنىيەتكە، سەلتەنەتلىك نامۇ ئاتاققا ئىگە خاسىيەتلىك يۇرتلاردىن بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. ئۇلار ئۆزلىرىنىڭ باي مەدەنىيىتى، شانلىق تارىخىي سەھىپىلىرى بىلەن ۋەتەننىڭ شانۇشەۋكەتلىك مەرىپەت غەزىنىسىگە مۇناسىپ ھەسسىلىرىنى قوشقان، ياراتقان تۆھپىلىرى تىللاردا داستان بولغان، يىپەك يولى مەدەنىيىتىنىڭ ئۆزۈلمەس ئېقىنلىرىغا جور بولۇپ شەرققە، غەربكە تارقالغان. گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەر ئۆز يۇرتلىرىنىڭ مانا مۇشۇنداق جەزبىدار قىياپىتى، مۇبارەك نام - ئاتاقلىرىدىن ھەققىي ۋىجدان يېقىدىن، چىن يۈرىكىدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشىپ، تىزگىنسىز قايناق ھېسسىياتىنى ئىشقا سېلىپ، ياڭراق ئاۋازى بىلەن پۈتۈن ئالەمگە تارالسا سۇسلاپ قالمايدىغان، بوشىشىپ كەتمەيدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى بىلەن تويۇنغان غەزەللىرىنى يېزىپ، ئابىدىلەشتۈرگەن.

ۋەتەنپەرۋەرلىك — ۋەتەنگە بولغان مۇھەببەت. «ئەسىرلەر مابەينىدە ئۆز ۋەتىنىگە مۇستەھكەم ئورناتقان ئەڭ چوڭقۇر مۇھەببەت» («لېنىن ئەسەرلىرى»، 1956 - يىلى خەنزۇچە نەشرى، 28 - توم، 168 — 169 - بەتلەر.) ماتېرىيالىزملىق قاراش بويىچە، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئوخشاش بولمىغان دەۋردە ئوخشاش بول-

مىغان مەزمۇنغا ئىگە بىر خىل تارىخىي ھادىسە سۈپىتىدە مەۋجۇت بولۇپ كەلگەن، ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىجتىمائىي ئاڭنىڭ ئىنتايىن مۇھىم بىر ئامىلى، شۇنىڭ بىلەن بىللە بىر خىل تارىخىي كاتېگورىيە. ئۇ يوقلۇقتىن بارلىققا، ئاددىيلىقتىن يۈكسەكلىككە، كىچىكلىكتىن بۈيۈكلۈككە، تارلىقتىن كەڭلىككە، تېيىزلىقتىن چوڭقۇرلۇققا قاراپ تەرەققىي قىلىپ كەلگەن.

زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، قەلەندەر، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەرنىڭ يۇرت سۆيەرلىك تېمىسىغا بېغىشلانغان شېئىرلىرى تولىمۇ يارقىن، تولىمۇ جەزبىدار، ئۇلۇغۋار روھ بىلەن ئىپادىلەنگەن بولۇپ، ئۇ ئۇزاق يىللىق تۇرمۇش تەجرىبىسىنىڭ، تولغان بىلىم قۇرۇلمىسىنىڭ، ئالىيجاناب كىشىلىك قاراشنىڭ، يۈكسەك بەدىئىي ئىقتىدارنىڭ مەھسۇلى. بۇنداق لىرىكىلار ئاددىي چۈشەنچە ئاساسىدا، يۈزەكى بىلىم سەۋىيەسىدە، سۇس ئىرادە ئاستىدا مەيدانغا كېلىشى ئەسلا مۇمكىن ئەمەس.

ئىنسانىيەتنىڭ ھەرقايسى تارىخىي دەۋرلىرى، ھالقىلىق باسقۇچلىرىدا، ئوخشاش بولمىغان يۇرت، رايون، دۆلەت ـ مەملىكەتلەردە، ماكان ـ زامانلاردا، ئوخشاش بولمىغان تۈزۈم، جەمئىيەتلەردە يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ ئىپادىلىرى خىلمۇخىل شەكىل، ئۇسۇل ۋە قىياپەتتە ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. ئۇنى يىغىنچاق يوسۇندا بايان قىلغاندا، ئەجدادلىرىنىڭ تۇپرىقىنى، يۇرتىنى، ۋەتىنىنى سۆيۈش، ئۇنىڭ ئار ـ نومۇسىنى قوغداش، يۇرتىدا ياشىغۇچى خەلقنى سۆيۈش، قوغداش ۋە مۇھاپىزەت قىلىش، يۇرتى ـ ۋەتىنى، خەلقى ئۈچۈن ئىشلەش، ئىجاد قىلىش، بارلىقىنى شۇ يۇرت، شۇ خەلققە بېغىشلاش، خەلقنى تەشكىللەش، يېتەكلەش، ئۇلۇغ يولباشچىلارغا ئەگىشىش، دۆلەت ـ مىللەتنىڭ داھىيلىرىنىڭ ئەتراپىغا ئۇيۇشۇش، ئىجتىمائىي بىرلىك ۋە مۇقىملىقنى قوغداش، ۋەتەن، مىللەت ـ خەلقنىڭ بىر پۈتۈنلۈكىنى ساقلاش دېگەنلىك. يەنىمۇ ئوچۇقلاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، ۋەتىنى، خەلقى ھايات ـ ماماتلىق سىنىقىغا دۇچ كەلگىنىدە قولىغا قورال ئېلىپ، ئۇرۇش مەيدانلىرىدا كۆكرەك كېرىپ چىقىپ، رەقىبلەر بىلەن قانلىق تىركىشىپ ئۇرۇشۇپ، ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتىنىڭ مۇستەقىللىقى، ئازادلىقى، ھۆرلۈكى، تىنچلىقى، بەخت ـ سائادىتىنى قوغداش، قۇربان بېرىش يولى بىلەن ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. ئۇنىڭدىن باشقا يەنە ۋەتىنى، خەلقنى روناق تاپقۇزۇش ئۈچۈن ئېلىپ بېرىلغان ھەرخىل ئىشلەپچىقىرىش ئەمگەكلىرىدە جان پىدالىق بىلەن ئىشلەپ، ئۆز دائىرىسىدىكى خىزمەتلىرىنى قىلىش يولى بىلەن، بەزىدە، مەنىۋى خىزمەت بىلەن شۇغۇللىنىپ، ئىجادىيەت ـ كەشپىياتلارنى يارىتىپ، ئاۋام خەلقنىڭ مەنىۋىيىتى، ئەمگەك ـ مېھنىتى، غەيرەت ـ شىجائىتى، ئارزۇ ـ ئارمان، غايىلىرىغا ئىلھام ـ مەدەت بېرىش، بەدىئىي يوسۇندا تەسۋىرلەش، نەزمىلەرگە قوشۇپ، كۈيلەش شەكلى بىلەن ئىپادىلەنگەن.

يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك كىشىلەرنىڭ ئۆسۈپ يېتىلىشى، تەربىيەلىنىشى، كەسپى، ئورنى ۋە مەۋقەسىگە ئاساسەن ھەرخىل شەكىلدە ئىپادە قىلىنىدۇ. تەۋرەنمەس ئېتىقاد، چىن ھېسسىياتقا ئىگە شائىرلار يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنى ئوبرازلىق شېئىرىي پىكىر ئارقىلىق ئىپادىلەيدۇ. ئۇلار ۋەتەندىن ئىبارەت بۇ كونكرېت ئوبيېكتنى تەسۋىرلىگەندە بىردە ئېنىق تەسۋىر ۋاسىتىلىرىنى ئوقۇشلۇق ۋە تەسىرلىك يوسۇندا ئىشلەتسە، يەنە بىردە مۇبالىغە، تەسەۋۋۇر ۋە ئوبراز ۋاسىتىسىگە تايىنىپ، شېئىرىي مىسرالارنى ئاجايىپ جەزبىدار قىياپەتكە ئىگە قىلىپ، ئوقۇرمەنلەرنىڭ نازۇك قەلبى ۋە تەسكىن ھېسسىياتىنى لەرزىگە سالىدۇ.

يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۆز نۆۋىتىدە يەنە مۇئەييەن زامان ۋە ماكاندا ياشىغۇچى ھەم يۇرت ـ ۋەتەننىڭ ئىگىسى، كۆركى، گۈلى ھېسابلانغان كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنى توغرا مۆلچەرلەش، ئۇنى ساغلام ئىدىيەنىڭ ۋاسىتىسى بىلەن ئېنىق تونۇش، قىممىتىنى چۈشىنىش، قەدرىنى بىلىش قاتارلىق تەرەپلەردىمۇ ئىپادىلىنىدۇ.

uyghurkitap.com

يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئادەتتە يوشۇرۇن ۋە ئاشكارا ئۇسۇلدا ئىپادىلىنىدۇ. بەزىلەر ئۆزىنىڭ ھاياتىدىكى قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىكەنلىكىنى بىلمەسلىكى ياكى بىلگەن تەقدىردىمۇ، داۋراڭ قىلماي، ئۈن ـ تىۋشىنى چىقارماي ۋەتەن يولىدىكى ئىش ـ خىزمەتلىرىنى داۋاملاشتۇرۇشى مۇمكىن. يەنە بەزىلەر ئۆزى سەزمىگەن ئەھۋالدا، تۇيۇقسىز يۈز بەرگەن ۋەقە ۋە ھادىسىلەردە مەشھۇر ۋەتەنپەرۋەر قەھرىمانغا، جاسارەتلىك جەڭچىگە، ئىنقىلابىي قۇربانغا ئايلىنىپ كېتىشى مۇمكىن. مانا مۇشۇنداق ئەھۋالدا، مەيلى يوشۇرۇنغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسۇن، مەيلى ئاشكارا ئىپادىلىنىدىغان ۋەتەنپەرۋەرلىك بولسۇن، ئۇنى ئاڭقىرىش، بىلىش، چۈشىنىشنىڭ ئۆزى ساپ ئەقلىنىڭ ۋە بىر خىل يۈكسەك ئىجتىمائىي قاراشنىڭ بولۇشىنى تەقەززا قىلىدىغان ئاڭلىق ئىدىيەۋى ھەرىكەت.

شەخسنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكى چەكلىك، قىسمەنلىكتىن ئىبارەت، ئاۋامنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكى بولسا چەكسىز، ئومۇمىيلىق خاراكتېرگە ئىگە بولغان بولىدۇ. شەخسنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئومۇمنىڭ، خەلق ئاممىسىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىكىنىڭ تەركىبىي قىسمى. ئومۇمنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكى سانسىزلىغان شەخسلەرنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشىنىڭ مۇجەسسەمىدىن ئىبارەت. شەخس ئۆزىنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشىنى ئومۇمنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشىنىڭ ئىچىگە تەبىئىي يوسۇندا بىرىكتۈرۈۋېتەلىگەندە، ئاجرالماس قىياپەتكە ئىگە قىلالىغاندا ئاندىن ئۆزىنىڭ ھاياتىي كۈچىنى نامايان قىلالايدۇ. بۇنىڭ ئەكسىچە، شەخسنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكى يەككە ـ يېگانە قالىدىغان بولسا، ئۇنداقتا بۇنداق يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكنىڭ دەرىجىسى بەك تۆۋەن. ھەتتا ئەرزىمەس بىر نەرسىگە ئايلىنىپ قالىدۇ.

17 ـ ئەسىردىن باشلانغان شىنجاڭنىڭ يېقىنقى زامان تارىخىدا، جۈملىدىن مۇرەككەپ تارىخىي، ئىجتىمائىي، سىياسىي مۇھىتىدا ياشىغان زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، قەلەندەر، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىي قاتارلىق قايناق ھېسسىياتلىق، جاسارەتلىك شائىرلار ئالدى بىلەن كەڭ خەلق ئاممىسى ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن ۋە قايناق دولقۇنغا ئايلىنىۋاتقان يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنىڭ ماھىيىتىنى توغرا بايقاشقا ماھىر بولغان، يۇرتداشلىرى ئارىسىدا كۆتۈرۈلگەن يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك كەيپىياتىنىڭ يۆنىلىشىنى ئېنىق مۆلچەرلىيەلىگەن. شۇنىڭ بىلەن ئەنە شۇ كەڭ خەلق ئاممىسىنىڭ پايانسىز، دولقۇنلاپ تۇرغان يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۆزلىرىنىڭ ئاددىي، تار دائىرىدىكى يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك قارىشى بىلەن ئۇتۇقلۇق ھالدا بىرلەشتۈرۈپ، بىر تارىخىي دەۋر، بىر تارىخىي ئېقىم، بىر توپ ئىنسان تۈركۈمىنىڭ ئىرادىسىگە ھەقىقىي ۋەكىللىك قىلىدىغان يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ناخشىسىنى ياڭراتقان. يەنى بۇ يۈكسەك ئاڭغا ئىگە شائىرلار ئۆزلىرىنىڭ تەۋرەنمەس يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى قەلەم بىلەن، لىرىك شېئىر بىلەن، شەرق پوئېزىيەسىدىكى ئەڭ جەڭگىۋار شېئىرىي شەكىل بولغان غەزەل ژانىرى بىلەن ئىپادىلەپ، خەلقنىڭ تەۋرەنمەس يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئىدىيەسىنى يۇقىرى سەۋىيەگە كۆتۈرگەن، پۈتۈن مەملىكەت خەلقىنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك چۈشەنچىسىنىڭ كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا زور دەرىجىدە ھەسسىسىنى قوشقان. بۇ ئەلۋەتتە قەدىرلىنىشكە، تەقدىرلىنىشكە، ئۆلگە قىلىنىشقا تېگىشلىك بىر خىل ئېسىل پەزىلەت، بىر خىل ئالىيجاناب روھ.

ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك ئۇزاق تارىخقا ئىگە بىر خىل ئىدىيەۋى ئېقىم. بۇ خىل ئېقىم بەزى ئەدىبلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە يوشۇرۇنراق، مەۋھۇمراق ۋە ئابستراكتراق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بولسا، بەزىلەرنىڭ ئەسەرلىرىدە بىرقەدەر ئېنىقراق، روشەنرەك، قاراتمىلىقى بولغان، كونكرېتراق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن. مەيلى قانداق ئۇسۇلدا ئەكس ئەتكۈزۈلگەن بولسۇن، ئۇيغۇرلار-

نىڭ قەدىمكى ئەدەبىيات ساھەسىدىكى ئەدىبلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپچىلىكى ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەدىبلەردىن بولۇپ، ئۇلار يېزىپ قالدۇرغان ئەسەرلەرنىڭ ئاساسىي ئىدىيەسىدە خەلقچىللىق، يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدۇ. شۇنداق بولغانلىقى ئۈچۈن، ئۇيغۇر ئەدىبلىرىنىڭ نۇرغۇن سەرخىل ئەسەرلىرى سۆيۈپ ئوقۇلۇپ كېلىنگەن، قولدىن ـ قولغا ئۆتۈپ ئەتىۋارلىنىپ ساقلىنىلغان، ئۆگىنىلگەن، ئۆرنەك ـ ئۈلگە ۋە مۇھاكىمە قىلىنغان. زەلىلىي، گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، قەلەندەر، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەردىن ئىبارەت بۇ يۈكسەك غايىگە ئىگە شائىرلار ئەجدادلىرىنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق ئىدىيەسى، بولۇپمۇ، ئەجدادلىرى ئارىسىدىن يېتىشىپ چىققان يۇرت سۆيەر — ۋەتەنپەرۋەر، خەلقپەرۋەر ئەدىبلەرنىڭ قايتماس ئىرادە، سۇنماس جاسارىتىگە ۋارىسلىق قىلىپ، ئۇلارنىڭ ئەسەرلىرىدە ئىپادىلەنگەن ئاساسىي مەۋقەگە ياندىشىپ، شۇنىڭ بىلەن بىللە، پارچە ـ پۇرات، چۇۋالچاقلىق ۋە يۈزەكىلىكتىن يىراق بولغان يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىك، خەلقچىللىق قاراشلىرىنى يەنىمۇ پىششىقلاپ، قويۇقلاشتۇرۇپ، چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، يۈكسەكلەشتۈرۈپ ھەم تېپىكلەشتۈرۈپ، «كاشغەر»، «خوتەن»، «ياركەند»تىن ئىبارەت شەرقتىكى مەرۋايىتلار قاتارىغا كىرىشكە شەرتى تولۇق يەتكەن شانۇشەۋكەتلىك ئۈچ شەھەرنىڭ يارقىن، تىپىك ئوبرازىنى ياراتقان. شېئىرلارنىڭ يارىتىلىشىدىكى بۇ خىل زۆرۈرىيەت گۇمنام، نەۋبەتىي، مەشھۇرىي، قەلەندەر، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەرنىڭ يۈكسەك ئىدىيەۋى ئاڭغا ئىگە، دەۋرنىڭ ئالدىدا ماڭىدىغان، دۇنيا قارىشى ۋە كىشىلىك قارىشى زامانداشلىرىنىڭ ئىدىيەسىگە ۋەكىللىك قىلىدىغان، زېھنى ئۆتكۈر، ئىلغار پىكىرلىك شائىرلاردىن ئىكەنلىكىنى يەنە بىر قېتىم ئىسپاتلايدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، گۇمنام، ئابدۇلۋاھىد، تەجەللىي، شەۋقىيلەرنىڭ «كاشغەر» تېمىسىدىكى شېئىرلىرى، نەۋبەتىي، قەلەندەرنىڭ «خوتەن»، مەشھۇرىينىڭ «ياركەند» تېمىسىدىكى شېئىرلىرى مەيلى ئىدىيەۋىلىك جەھەتتىن بولسۇن، مەيلى بەدىئىيلىك جەھەتتىن بولسۇن ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرىدىغان نادىر ئەسەرلەر. بۇلار ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتىدا يېگانىلىكى بىلەن مەشھۇر بولۇپ قالماستىن، بەلكى، جۇڭگو كىلاسسىك شېئىرىيىتى ساھەسىنىڭ ئاشۇ تارىخىي باسقۇچىغىچە بولغان دەۋرلىرىدە قانداقتۇر بىر شەھەر ـ قەلئەسىنى شۇنداق جاراڭلىق، جەزبىدار، روشەن، ھېسسىياتلىق، ئېنىق تەسۋىرلىگەنلەرنىڭ بايراقدارى بولۇش سۈپىتى بىلەن يۈكسەك ئەدەبىي قىممەتكە ئىگە. بۇلارنى يەنە تۈركىي تىللىق خەلقلەرنىڭ يۇرت سۆيەرلىك — ۋەتەنپەرۋەرلىكى ئىپادىلەنگەن كىلاسسىك شېئىر ـ غەزەللىرى بىلەن سېلىشتۇرۇپ كۆرۈش ئارقىلىقمۇ دۇنياۋى قىممىتىنى دەڭسەپ بېقىشقا توغرا كېلىدۇ، ئەلۋەتتە.

دېمەك، بۈگۈنكى كۈندە ئېلىمىزدە ۋەتەنپەرۋەرلىك روھىنى ئۇرغۇتۇش بويىچە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان ھەرخىل پائالىيەتلەرنىڭ ئىلھامى ۋە تەشۋىقاتلارنىڭ روھى بويىچە، ئۇيغۇرلارنىڭ قەدىمكى ئەدەبىياتىدىكى ۋەتەنپەرۋەرلىك مەزمۇنىغا ئىگە ئەسەرلەرنى قېزىپ چىقىرىش ۋە بۇ توغرىلىق مۇلاھىزە ـ مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىپ، ئوقۇرمەنلەر ۋە ئىلمىي خادىملارنىڭ كۆرۈشىگە سۇنۇش بىر خىل تارىخىي خىزمەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن بىللە «ئۈچ غەزەل» توغرىسىدا ئىزدىنىش، داۋاملىق تەتقىقات ئېلىپ بېرىش شىنجاڭلىقلار، جۈملىدىن ئۇيغۇرلارنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك ھېسسىياتىنى ئۇرغۇتۇشتا ئىشلەشكە تېگىشلىك ئىلمىي خىزمەتلەرنىڭ بىرى، ئەلۋەتتە.

پايدىلانمىلار:


1. مۇھەممەدئەمىن گۇمنام (ھىرقەتىي): «دىۋانى گۇمنام» (مىرسۇلتان ئوسمانوف نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2004 ـ يىلى نەشرى.

2. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى — شائىر نەۋبەتىي ھەققىدە» (بارات ئىمىن نەشرگە تەييارلىغان)، «كونېلۇن

ئەدەبىياتى» (خوتەن)، 1979 ـ يىلى 1 ـ سان.
3. نەۋبەتىي: «دىۋانى نەۋبەتىي» (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
4. ئىبراھىم مەشھۇرىي: «دىۋانى مەشھۇرىي» (مەمتىمىن يۇسۇپ نەشرگە تەييارلىغان)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1995 ـ يىلى نەشرى.
5. ن.ت.فىدىرېنكو (رۇسىيە): «خەنزۇ ئەدەبىياتى» (باراتۇپ ئابدۇللا،خۇدۇمبەردىيۇپ خېلەملەر تەرجىمىسى)،تاشكەنت «شەرق ھەقىقىتى» نەشرىياتى، 1958 ـ يىلى ئۇيغۇر كونا يېزىق نۇسخىسى.
6. «ئەدەبىيات لۇغىتى»، مەكتەپ نەشرىياتى، ئالمۇتا، 1974 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
7. «جۇڭگو كىلاسسىك ئەدەبىياتى» (ئىككى قىسىم)، بېيجىڭ ئۇنىۋېرسىتېتى تىل ـ ئەدەبىيات فاكۇلتېتى تۈزگەن، شىنجاڭ رادىيو پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى تەرجىمە قىلىپ باستۇرغان، ئۇيغۇر يېڭى يېزىق شەكلىدىكى ئاق باسما نۇسخا، 1980 ـ يىلى.
8. ھاجى ئەخمەت: «ئۇيغۇر شېئىرىيىتى توغرىسىدا»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1982 ـ يىلى نەشرى.
9. روزېنتال. پ. يۇدىن (رۇسىيە): «قىسقىچە پەلسەپە لۇغىتى»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1984 ـ يىلى نەشرى.
10. «پەلسەپە ئاتالغۇلىرىغا ئىزاھات»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرى.
11. «جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيەسى.جۇڭگو ئەدەبىياتى» 《中国大百科全书.中国文学》، جۇڭگو بۈيۈك ئېنسىكلوپېدىيە نەشرىياتى، بېيجىڭ ـ شاڭخەي، 1986 ـ يىلى، خەنزۇچە نەشرى.
12. «ئەدەبىيات نەزەرىيەسى ئاساسلىرى» (ئابلەت ئۆمەر باشچىلىقىدا تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى،1997 ـ يىلى نەشرى.
13. «چاغاتاي تىلىنىڭ ئىزاھلىق لۇغىتى» (مۇھەممەتتۇرسۇن باھاۋىدىن قاتارلىقلار تۈزگەن)، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى 2002 ـ يىلى نەشرى.
14. ۋېي لياڭتاۋ، ليۇ جېڭيىن: «خوجىلار جەمەتى ھەققىدە»، مىللەتلەر نەشرىياتى، 2006 ـ يىلى نەشرى.
15. خالۇق ئېيپېكتىن (تۈركىيە): «ئېسكى تۈرك ئەدەبىياتى ـــ نەزم شەكىللىرى ۋە ئارۇز»، دېرگاھ يايىنلارى، ئىستانبول، 2010 ـ يىلى نەشرى.
16. زەمىر سەيدۇللازادە: «ئارۇز ئىلمى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
17. ھۆرمەتجان فىكرەت: «خەراباتىي ۋە ئۇنىڭ ئەدەبىي مىراسى»، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2011 ـ يىلى نەشرى.
18. «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (غەيرەتجان ئوسمان يېتەكچىلىكىدە تۈزۈلگەن)، شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى نەشرىياتى، 2012 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتور شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا)

قۇربانجان ئابدۇقادىر، ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ

# «زەلىلىي دىۋانى»غا تولۇقلىما

زەلىلىي (1676 — 1756) بىزدە يېتەرلىك تەتقىق قىلىنمىغان شائىرلارنىڭ بىرسى. شۇڭا، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى، ئىدىيەۋى مەنبەلىرى ۋە بەدىئىي ماھارەتلىرى ھازىرغىچە بىز ئۈچۈن غۇۋا بولۇپ كەلدى. زەلىلىي — شائىرنىڭ تەخەللۇسى بولۇپ، قەدىرسىز، خار، تۆۋەن... دېگەندەك مەنىلەرگە ئىگە «زەلىل» دېگەن بۇ سوفىستىك تەخەللۇس بىزگە شائىرنىڭ بەدىئىي ۋە ئېستېتىك دۇنياسىنى كۆزىتىشىمىز ئۈچۈن بىر نۇقتا ھازىرلاپ بېرىدۇ.

شائىرنىڭ ئىسمىنى مۇھەممەد سىددىق دەپ تىلغا ئالغان مەنبەلەر بار[①]. ئۇنىڭ تۇغۇلغان ۋە ۋاپات بولغان ۋاقىتلىرى ھەققىدىمۇ بىرنەچچە خىل قاراش مەۋجۇت. گەرچە ئۇنىڭ ئەسەرلىرىدىكى بەزى ئۇچۇرلاردىن شائىرنىڭ 1676 ـ يىللىرى يەكەندە تۇغۇلغانلىقىنى تەخمىن قىلىشقا مۇمكىن بولسىمۇ[②]، ۋاپات بولغان ۋاقتى ۋە تولۇق ئىسمى ھەققىدە بىز ئېنىق ئۇچۇرغا ئىگە ئەمەس.

زەلىلىي تەتقىقاتىغا ئائىت دەسلەپكى يىرىك ئەمگەك سۈپىتىدە مەرھۇم ئۇستاز ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندى تەييارلاپ، 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان «زەلىلىي دىۋانى»نى كۆرسىتىش مۇمكىن. بۇنىڭدىن 29 يىل مۇقەددەم نەشرگە تەييارلانغان مەزكۇر ئەسەر ئەينى شارائىتتا نىسبەتەن ئىنتايىن ياخشى بىر ھالەتتە نەشرگە تەييارلىنىپ، مەزكۇر شائىرىمىزنى خەلقىمىزگە تونۇتقانىدى. شۇنداقتىمۇ شائىرنىڭ ئىجادىيىتى، بەدىئىي ماھارەتلىرى ۋە باشقا نۇقتىلاردىكى تەتقىقاتلارغا پايدىسى بولسۇن ئۈچۈن بىز بۇ قېتىم ئەينى ۋاقىتتا «زەلىلىي دىۋانى»نى تەييارلاشتا ئاساس بولغان «چوڭ دىۋان»، «كىچىك دىۋان» شۇنداقلا قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيىدا ساقلىنىۋاتقان 0167 نومۇرلۇق نۇسخىلار ئاساسىدا «زەلىلىي دىۋانى»غا تولۇقلىما» بېرىشنى لايىق تاپتۇق. «زەلىلىي دىۋانى»غا كىرمەي قالغان غەزەل، مۇخەممەس، مەسنەۋىيلەر ھەققىدە ئەڭ دەسلەپتە «شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر مۇنبىرى» ژۇرنىلىنىڭ 2013 ـ يىللىق 6 ـ سانىدا ئەرافات ھەسەن مۇسابايېۋ «زەلىلىي شېئىرلىرىنىڭ ۋەزنىلىرى» دېگەن ماقالىسىدە ئۇچۇر بېرىپ ئۆتكەنىدى. بۇ قېتىم يۇقىرىدا تىلغا ئالغان ئۈچ خىل نۇسخا ئاساسىدا «زەلىلىي دىۋانى»غا ئىنچىكە قاراپ چىقىپ، كىرمەي قالغان ئالتە غەزەل، ئىككى مۇخەممەس، بەش مەسنەۋى ۋە بىر قىسىم بەند، بېيىت، مىسرالارنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. تۆۋەندە بۇ نۇسخىلار بىلەن تونۇشۇپ ئۆتەيلى:

---

① «ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات تارىخى» (باش تۈزگۈچى: غەيرەتجان ئوسمان)، شىنجاڭ مائارىپ نەشرىياتى، 2002 ـ يىلى نەشرى، 818 ـ بەت.
② «زەلىلىي دىۋانى» (ھاجى ئىمىن تۇرسۇن تەييارلىغان)، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1985 ـ يىلى نەشرىنىڭ كىرىش سۆز 2 ـ بەت.

1. «زەلىلىي دىۋانى»: ھاجى ئىمىن تۇرسۇن تەرىپىدىن نەشرگە تەييارلىنىپ، 1985 ـ يىلى مىللەتلەر نەشرىياتى تەرىپىدىن نەشر قىلىنغان. ئەسەر زەلىلىي ئەسەرلىرىنىڭ قول يازما نۇسخىلىرىدىن «چوڭ دىۋان» ۋە «كىچىك دىۋان» دەپ ئات قويۇلغان ئىككى خىل نۇسخا ۋە بىر تەزكىرە ئاساسىدا تەييارلانغان. «زەلىلىي دىۋانى»غا 196 غەزەل، 27 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزاد، ئىككى قەسىدە، ئىككى تەزكىرە ۋە «سەپەرنامە» ناملىق ئەسەر كىرگۈزۈلگەن.


2. «چوڭ دىۋان»: «زەلىلىي دىۋانى»نى تەييارلاشتا ئاساس بولغان نۇسخىلارنىڭ بىرسى بولۇپ، مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۈچۈر بېرىشىچە، بۇ دىۋان قاتتىق قەغەز مۇقاۋىلىق، خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. بەت يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 18.5cm × 12cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 12.5cm × 8cm، ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر بەتتە ئىككى ستون، 11قۇردىن خەت بار. جەمئىي 246 ۋاراق. بۇنىڭ ئىچىدە زەلىلىينىڭ ئەسەرلىرى 183 ۋاراق بىلەن تۈگەيدۇ. بۇ نۇسخىدا زەلىلىينىڭ تەرتىپ بويىچە «تەزكىرەئى چىلتەن»، «تەزكىرەئى خوجا مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار»، «سەفەرنامە» ناملىق ئەسەرلىرى ۋە 156 غەزەل، 13 رۇبائىي، 18 مۇخەممەس، بەش مۇستەھزاد، ئىككى قەسىدە، ئىككى ساقىينامە، بەش پارچە مەسنەۋى، پارسچە 56 پارچە غەزەل بار. بىز بۇ قېتىم بۇ نۇسخىنىڭ فوتو نۇسخىسىغا ئېرىشىپ، شۇ نۇسخا ئاساسىدا سېلىشتۇردۇق.


3. «كىچىك دىۋان»: «زەلىلىي دىۋانى»نى تەييارلاشتا ئاساس بولغان نۇسخىلارنىڭ يەنە بىرى بولۇپ، مەرھۇم ھاجى ئىمىن تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئۈچۈر بېرىشىچە، قېنىق بىنەپشە گۈللۈك مۇقاۋىلىق، خوتەن قەغىزىگە كۆچۈرۈلگەن. بەتنىڭ چوڭلۇقى 15.5cm × 12cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 12cm × 8cm بولۇپ، ئىككى ستون، 9 قۇردىن خەت بار. جەمئىي 131 ۋاراق، بۇنىڭ ئىچىدە زەلىلىي ئەسەرلىرى 124 ۋاراق. بۇ نۇسخىدا تەرتىپ بويىچە 128 غەزەل، «سەفەرنامە» ناملىق ئەسەر، 26 رۇبائىي پۈتۈلگەن. بىز بۇ قېتىم بۇ نۇسخىنىڭمۇ فوتو نۇسخىسىغا ئېرىشىپ، شۇ نۇسخا ئاساسىدا سېلىشتۇردۇق.

4. 0167 نومۇرلۇق نۇسخا: بۇ نۇسخا بىز بۇ قېتىم «زەلىلىي دىۋانى»غا تولۇقلىما بېرىشتە ئاساسلانغان نۇسخا بولۇپ، جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ ئالاقىسى بىلەن قەشقەر ۋىلايەتلىك مۇزېيدىن ئارىيەت ئېلىپ، سۈرەتكە ئالغان نۇسخىدۇر. كۆن خورۇم تاشلىق، سارغۇچ سامان قەغەزگە كۆچۈرۈلگەن. جەمئىي 432 بەت بولۇپ، ھىجرىيە 1274 ـ يىلى ( مىلادىيە 1857 ـ يىلى) موللا مۇھەممەد بىن ئەبدۇغەففار دېگەن كىشى تەرىپىدىن كۆچۈرۈلگەن. بەت يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 20cm × 13cm، خەت چۈشكەن يۈزىنىڭ چوڭلۇقى 15cm × 9cm، شېئىرلار ھەر بەتكە 9 ـ 13 قۇردىن ئورۇنلاشتۇرۇلغان. بۇ نۇسخىدا 86 پارچە تۈركىي غەزەل، 47پارچە پارسچە غەزەل، 20 مۇخەممەس، 12 رۇبائىي، ئالتە مەسنەۋى، بەش مۇستەھزاد، ئىككى ساقىينامە ۋە «تەزكىرەئى چىلتەن»، «تەزكىرەئى خاجە مۇھەممەد شەرىف بۇزرۇكۋار»، «سەفەرنامە» قاتارلىق ئەسەرلەر بار. «زەلىلىي دىۋانى»غا تولۇقلىما قىلىنغان ئالتە غەزەل (ئەسلىي يەتتە بولۇپ، بىر غەزەل ھەققىدە سەل تۆرۈپ چۈشەنچە بېرىمىز)، ئىككى مۇخەممەس، بەش مەسنەۋى (چوڭ دىۋاندىمۇ بار، ئەمما نېمە ئۈچۈندۇر «زەلىلىي دىۋانى»غا كىرگۈزۈلمىگەن) ۋە بىر قىسىم بەند، بېيىت، مىسرالار مۇشۇ نۇسخىدىن ئېلىندى.

ئومۇمەن، زەلىلىي 18 ـ ئەسىر ئۇيغۇر ئەدەبىياتىدا مەيلى لىرىك شېئىرىيەتتە بولسۇن، مەيلى داستانچىلىق ساھەسىدە بولسۇن ئۆزگىچە ئۇسلۇب ياراتقان شائىر بولۇپ، ئۇنىڭ ھاياتى، ئىجادىيىتى ۋە بەدىئىي ماھارەتلىرى ئۈستىدە ئىزدىنىش بىزنى ئوخشىمىغان نۇقتىلاردىن مۇھىم ئۇچۇرلار بىلەن تەمىنلەيدۇ. مەسىلەن، ئۇنىڭ ئىجادىيىتى ھەققىدىكى تولۇقلىما سۈپىتىدە كۆرسىتىلگەن تۆۋەندىكى ئالتە غەزەل، ئىككى مۇخەممەس ۋە ئۈچ مەسنەۋىنى ئۆگىنىش جەريانىدا، بىز زەلىلىيدەك بىر شائىرنىڭ «كەلدى» رادىفلىق مۇخەممەس ئارقىلىق ئۆز زامانىدىكى بولغان تارىخى شەخسلەرگە بېرىۋاتقان باھاسىدىن ئېغىمىزدا «ئەدەبىي تارىخ»لار ئارقىلىق قېلىپلاشقان چۈشەنچىلىرىمىزگە قارىتا سوئال تۇيغۇسى بىلەن قاراپ چىقىشىمىزنىڭ، شۇنداقلا قانداق باھا بېرىشىمىزدىن قەتئىينەزەر چوقۇم تارىخىي، ئوبيېكتىپ پاكىت ئۇچۇن ئىزدىنىشىمىزنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ھېس قىلىپ يېتىمىز. تىل نۇقتىسىدىن قارايدىغان بولساقمۇ، بىر قىسىم ئەرەب ـ پارس تىللىرىدىن كىرگەن سۆزلەرنىڭ تەلەپپۇزدا ھازىرقى زامان ئۇيغۇر تىلىدىكى شەكىللىرىمۇ ئاز ساندا ئۇچرايدۇ. ئەرەب تىلىدىكى «شەھر، شىرك» دېگەندەك بىر بوغۇملۇق سۆزلەرنىڭ «شەھەر، شىرىك» شەكلىدە ئوقۇلۇشى شۇنىڭ جۈملىسىدىندۇر (مۇشۇنداق ئوقۇشنى ۋەزىن ياكى قاپىيەگە ئوخشاش تېخنىكىلىق تەرەپلەر شەرت قىلىدۇ.) دېمەك، ئۇيغۇر ئەدەبىياتشۇناسلىقىدا زەلىلىي ھەققىدىكى كۆپ تەرەپلىك ئىزدىنىشلەر بىزنى كۈتۈپ تۇرماقتا.


«زەلىلىي دىۋانى»نىغا تولۇقلىما قىلىنغان قول يازمىلارنىڭ فوتو كوپىيەسى:
























معانه عالمی ایتیب قطب زمان کلدی


گونلی حضرت پیغمبر آخر زمان کلدی


ظهور حضرت مخدوم اعظم



پیریم پادشاه عارف کون مکان کلدی

توزوم تا تونکا وقت اتابت حضرتیک سلطان — جنید شاه دیر بایزید آلتین عطار
زینی حجاز شعر دیکا منزللار غاری — جنونیدیک کرم الجند توحید باز ایکا

عجایب باهوی خیر دار عاشقان کلدی

حجابنی تعلانی پیک سلطنت سوکا سلیمانی — دتا منزعینی بسنر قیلغانقص بار اینی
کر صاحب باطن لوغا جمله اصحاب یار ایسی — نسک شیخی شیطا ادتواوج لوکد حمانی

حق باطن نقل فرق ایلا بر حالی تنا کلدی

محیط موج زن باطن لار تیلماید لار اظهار — جولان روز کشف ایسد رسا فلاید لار
دکرهنم تکلم تی کو کالار بر ور شهسوار — فلک نیم خیم قیل پولا کر غضب دیک بیاد لار

کوربنکه کیم کرزهی مرشدی ذالنون کلدی

میونخلص لیوکد بیالک تمیز کاوز آشنانی — عزلت شیک سلمانی قیلدیلار کریلیلار نرسانی
ملا یته آیلم دیکا کلیوقا یدیوقانی — ابدال جلب تبلیغ انفسی مد بابا خراسانی

ولیکهن شاه مازم سپنوم بهار کلدی

جهانکیر لوتومر وایرلوب پادیر شهوار — فرابان تمایدلار خوش اولکان کایلیلا عاجب
سابکوسنت اوداب ایله مخدوم اعظم دار — الابت ایلا کیسل ای کتو باطن قیلماینبل انکار

طریقی نقشبندی تا اذاع لیزی کیم جان کلدی

هنی منده رکو مد آه آری هو حیر دیرلار — صنعا سیندی خاطر لارینی جام جم دیرلار
فدای سر کلمونی آتلیم محجم دیرلار — دو دکیک شغا سعیلار یا مختم دیرلار

ودی

دی ایم صبح صادق عطارین غزنی تیا کلدی

زبلی متکلیم حل بولیکده جو فیض دعالار دی — دعا لاکوالو جوا خلاص ایله شاه کیدلار دی
ابلادفع ایلات دو خدا بوبینوالار دی — تبوتوا ایلا صحبت مردی خدالار دی

عزیزلار جا باغیدیک کلی جنت نشان کلدی

فغریزد الکا ایل دوات شاه آنه کوردی — نسک انه بو عالمنی لعل تانیه کوردی
تخوبین صدا اسایه نیشانه کوردی — حرات معادد ردانه کوردی

اول دلارارکو هر یکدانه کوردی

سهیلی دور ارباب کشف علم نجومی — علایه کرطاهر بیدا لوب علومی
تحصیل علم تکلیف بر تبه سوسی — یعنی گنشاه ایلار مولوی کوردی

سلطان طریقت شیخی پروانه کوردی

مشتابوی طریقه بار غالیوادور — مروانه دارا یلاتولونک الغا قول کوید
درفیش دی عالم غار یکاکول دور — نمرود لونیوکبر دی خلیل باغنی ادل کوید

ناگاه کیچه غیرت پروانه کوردی

رسوا جهان بولدی منی برقد قامت — رفتاری انکای بادبرو پرجوش قیامت
طعن تعصیب قوم مزنکا سل سلامت — منصور دارا روزه کورب قیلمه ملامت

جان برعاسیندی ایلکار جانانه کوردی

هرکیمکه ابروی انبار الواجلدی دی — شهوا ایرو رنغل محمد عربه دی
کوب لطف ییله هیزیلغی نکاپ شوندی — توکمینه کیمی ترحقیقت نی البه دی

مسجه

مسجد الحیدا وقتیکه منزلنی کوردی

کونکول لارنی هر طرف الوانینی کوردی | جاننی کوپ سیاه ملنی دیدار کوردی کا
مقصود یر کنج نه اول ماهی کوردی | جامی دیر حضرت نبوت کیار کوردی کا

من اوی الحکایه لرانکی اول خانه نی کوردی

نامکی کوکل بو حیدا او رحال ایله تیلی | یکلنک کرکه حسابی جانکه بندی نیلی
وحدت دکی انوار تجلی کثرت دیزلیلی | عمیده بالقو دیر احمدی بیقیلی

ابدی اول مجلس نی کی عجایب خانه نی کوردی

نجهکا تا این خیلات کا محمد ایله سبحان | اکر عالمدین سنکا نیچه برکان
کوبدین محال مطلق منکیدکی یاکان | اکر مینکه قانت تدر کالظلم جهان

قبول ایکیل خدایا بو مناجات | کیسین دناسی سترالغفیات
قدم ملکی کا باندو غبار کم کم | ندامی رجعی دین بابه عالم
نه عالم بلکه آدم ایکوندر | بحق حرمت احمد او جول لاکا
محمد انبیالا پیشواسی | شفیع نسلا لار شکیده کدا سی
طفیلیدین هویدا بولدی کونین | قدم کا مقام قاب قوسین
قرانون لار اراقی یادبه پیدا | گنه کاران امت کا نکهدار
فروغی نور فانوس الهی | کرد الشمس تجلی کواهی
نبوت آسمانیده بدر | یوزی اوزره دوکیسو لیله القدر
رسولی رحمة للعالمین دور | بلاد خان جبرئیل امین دور

نعت نبی

حدیثی حرف ترانغه دلایل | احد احمد کا دور میم حایل
بنام احمد محمود مختار | جواهر خانه صندوق اسرار
یا هیبت سپهر عرش اعظم | اوتوب دمده بیمنت عشق دیک هم
مدینه ملکی قبله نظاره | صحابه هر بیری برقی ستاره
نخستین حضرت بوبکر ایدیلار | خلافت نه خدلیغه اینداییلار
ابیری صادق صاحب ولایت | خلافت مسندیدا بی نهایت
ایکینچی هاشمی نینک راز داری | نبوت ایلاکاندا یار غاری
جکیب لار جان جکردین | جهانی کوید دوب اصحابدین
اطاعت ایلاکان اول اول لاربیکه | امیر المؤمنین دوم عمر دور

عمر عدلی اتلی نینک شهریاری | عدالت مهیمی نینک نور بهاری
محاسب دور هینی دین شمس خاور | به ضرب تیر سبیلین شهزادی بیر
قدر طلعت سیله لیردی الف لام | بدیع سیده رونق تابی اسلام
بلند اوازه بولدی دین احمد | عمر یاد ایتار ایردی محمد
ایجونچی حضرت عثمان ایدیلار | حیا کوهر لاریغه کان ایدیلار
کلی حیا یوزیدی منفعل دور | فرشته حلمیدین دایم خجیل دور
جهارم شاه مردان جوانمرد | جیغاریب گنهکاریدین کرد
دیکا خیبر بر دمدا اوشانغان | رضای حق اوجو اودینی نشان
تمامی غازی لارنینک تاجداری | قلم ایلاب عدو نی ذوالفقاری

سراپا

سراپا ماسوا بندیدی آزاده — سبحه ایلاکان دیو پیراده
شهی دلدل سواری اولیادور — ولی لار سروری شیر خدادور
نهال نوزندنشرینی حسن دور — حسین اتلیغ لاری خونین کفن دور
نه ییگی مصطفی دیرلار بر بینی — شهید کربلا دیرلار بر بینی
اماماًن شهی مشکین کلاه — مانند صحرا اوزیکا تونی لاله
نهالا ایکی اول رخشنده اختر — شهید کربلای عشق دیرلار
بهشت عدن ایچیده جای اولاغه — درود بیحد بولغای اولاغه
محبت لیده نیو توره جنونوم — که قطره قطره جوش ایلایدور خونوم
ایکی دیکانه کونکلوم دو جهان‌دین — منی مجنون اهوی بیابان

دیکیل دستگیرم پیر حیران — سوزوم پیوسته جون زنجیر بولوبی


ساقی نامه


قدح توت‌ای صنم سیمین غبغب — قیامت قامت گل پیرهن هیلان
منی اشفته یاد ایلاکا هی — کتاکی جهدیم خالی صراحی
مغنی نغمه قلغیل عاشقانه — ساباب کلکون یاشیکنی دانه دانه
رباب ارغنون چنک قانون — جیغاریب غلغله تا قصر گردون
نغاهایی سوک چقسون دیدی — صدای نغمه کالسون هر طرفدین
تنیم چون نیلک دیک یانجولوبت — کوزوم یزک یاش تو کا دریا بولوبت
خلایق بالابین قوارده دیرلار — منی بیجاه نه اواره دیرلار
خدا شکر ایتورمن بهر حال — ایجب دور بلبل طعمم پر بال

به زور

بنه بر خیل قانون برکه‌ندیر — اله هر کیم که کوزی بر گسنه دیر
بوزرگستانی ایچیده بوندوه همرنک — فریدون حشمت جمشید اورنگ
تجمل تختی دا خانغه تقابل — وزیر جانشین مرزا فراول
اوقوبیدورمن نفس اهلی زمانه — دعای دولت بو آستانه
بحق انبیا و اولیالار — بحق حرمتی مرد خدالار
جنانچه دولتینک یاری جهان بار — سنونی بغدای بولغای مددکار
سر برزدولت سنینک ایلکینکدا بولغای — که فوج لشکرینک عالم کا تولغای
خدایا بولوق اوّل هدایت سینکا — نه آخر بولغای نهایت سینکا
سنینک

سنینک بو بزم عونک دا ازلدا بد — هر اسلاسدود خیلکونکدا هر تیک بد
همه شالاغه شهنشاهسین — نه کیم اونه عالم دی اگاهسین
شهی شهریاران روی زمین — سنینک آستانینکغه سورتار جبین
قیلیبسن بو عالم نه بیداد اورنک — بیلورمین که دانا و بینا اورنک
جواهر فروشان حراف دین — معانی شناسان عین الیقین
قمر طلعتان جو بدر منیر — دور در کهینک کا سنینک منتظر
دمی نور یاهی مظلوم دور — جهان پرور اسیر کا معلوم دور
شهادت مقامیدا بار بیزریک — سنی اثبات دو وحدة لاشریک
بلی کرنیک دور عجب کاز که — فلک نرکسی ایجره فانوس ماه




1. 

ئەسلىدە قولىمىزدىكى 0167 نومۇرلۇق قول يازمىدىن يەتتە غەزەل بايقالغان بولۇپ، بۇ يەردە ئالتە غەزەلنى كۆرسىتىپ ئۆتتۇق. قالغان بىر غەزەل:

ئەمەس خىلۋەت نشىنلەرغە تەماشايى چەمەن ھاجەت،
چۇنانچە بولماغاي ئەھلى فەناغا ئەنجۇمەن ھاجەت.

دېگەن مەتلەئ بىلەن باشلانغان بولۇپ، بۇ غەزەلنىڭ قول يازمىدىكى ئورنى «زەلىلىي دىۋانى»دىكى 22-غەزەل بىلەن 23-غەزەلنىڭ ئارىلىقىغا توغرا كېلىدۇ. ئەمما، بۇ غەزەل بىز كۆرگەن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ قول يازمىلىرىدىن نەچچىسىدە نەۋايى غەزىلى سۈپىتىدە ئۇچرايدىغان بولغاچقا، ھازىرچە زادى قايسى شائىرنىڭ غەزىلى ئىكەنلىكىگە ئېنىق ئىشەنچ قىلالماي قالدۇرۇپ قويدۇق. قالغان ئالتە غەزەل تۆۋەندىكىلەر:



1. غەزەللەر

(1)

—V—/V——V/V—V—/V——

(مۇزارىئى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

ياركەند ئىچىدە گەرچە تولا بار ئاغاچالار،
لېكىن سېنىڭچە كۆرمەدىم، ئەي يار، ئاغاچالار.

يۈز پىچۇ تاب[1] رىشتەئى جان ئېچرە سالدىلار،
تارى ساچىڭنى كۆرگەلى ھەربار ئاغاچالار.

كۆندۈز كۆڭۈلدە سەبر يوقۇ كېچە ئۇيقۇ يوق،
چەكتى كۆزۈمگە سۇرمەئى بىدار[2] ئاغاچالار.

چۇن ئافتاب ئاچقاي ئېدى ھۆسنىدىن نىقاب،
نازۇ كەرەشمە بىرلە بەيەكبار[3] ئاغاچالار.

مۇترىب[4] نەۋايى نالەئى نەينىڭ سۇرۇدىدىن[5]،
مەست ئېيلەگەيسە ئەندەكى[6] ھۇشيار ئاغاچالار.

سىمابۋار[7] لەرزەدە[8] بەس بىقەرارمەن،
ھەر ۋەقتكىم ئۇسۇل ئۇچۇن سويلار ئاغاچالار[9].

سەن ئەرغەنۇن مەقامىدا ھاي ـ ھاي ئۆلەڭنى چال،
مەئلۇمدۇر كەمىنەنى تويلار ئاغاچالار.

تۇتتى جەھاننى شۆھرەتى ئاۋازەئى جۇنۇن،
تا بەركەتىپدۇ پۇسمەئى تۇمار ئاغاچالار.

كۆزلەر قاراۋۇ كاكۇلى مۇشكىن[10] قاراۋۇ خال،
لەب قىرمىز[11]يۇ كۆڭلەكى گۈلنار[12] ئاغاچالار.

بولدى بىر ئاي[13] كەلمەدىلەر كۆرمەدىم جەمال،
يا .......................................[14] ئاغاچالار.

گۈلگۈن[15] كۆرۈندى قوللاۋۇ رەڭگى ھىنا[16]مۇكىن،
ھەم سۇرمە بىرلە قاشلارى زەنگا[17] ئاغاچالار.

دىلبەر ھەرىمى ناز ئېچىدە پەردە پۇش[18] ئۇچۇن،
قۇربان ئېرۇر جەمالىغا بىسيار[19] ئاغاچالار.

يۈز جان يۈزىگە سەرف ئېتەر قىلماس ئىلتىفات،

---

[1] پىچۇ تاب ــ تولغىنىش، ئىزتىراب، قىينىلىش؛ [2] بىدار ــ ئويغاق، ھوشيار، ئۇيقۇسىز؛ [3] بەيەكبار ــ تۇساتتىن، بىر قېتىم؛ [4] مۇترىب ــ سازەندە، چالغۇچى، ناخشىچى؛ [5] سۇرۇد ــ ناخشا، قوشاق؛ [6] ئەندەك ــ ئازراق، ئازغىنا؛ [7] سىيمابۋار ــ سىمابتەك، تىترەپ تۇرىدىغان؛ [8] لەرز ــ لەرزە، تىترەش؛ [9] مىسرانىڭ ۋەزنى بۇزۇلغان؛ [10] مۇشكىن ــ قارا رەڭلىك، خۇشبۇي؛ [11] قىرمىز ــ قىزىل؛ [12] گۈلنار ــ قىزىل گۈل، قىپقىزىل؛ [13] بۇ يەردىكى «ئاي» سۆزى بىر يېرىم بوغۇم ئوقۇلغان؛ [14] قول يازمىغا سۇ تېگىپ كەتكەنلىك سەۋەبىدىن بۇ سۆزلەر ئۆچۈپ كەتكەن؛ [15] گۈلگۈن ــ گۈلرەڭ، قىپقىزىل؛ [16] ھىنا ــ خېنا؛ [17] زەنگار ــ يېشىل؛ [18] پۇش ــ كېيىمەك، كىيىم؛ [19] بىسيار ــ كۆپ، ناھايىتى، بەك.

تاپتى ھەۋايى گەرمىئى[1] بازار ئاغاچالار.

چىن چىن كەمەندى زۇلف[2] كۆڭۈللەرنى بەند ئېتەر،
بەرپا قىلىپ دۇ فىتنەئى ئەييار[3] ئاغاچالار.

باقماس زەلىلىي تەلبەگە ھەرگىز ئاغاچائىي،
بىچارەلىكدىن ئېتەدۇ ناچار ئاغاچالار.

(2)

~V—/— —V—/— — V—/— —V—
(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

مەغفىرەت قىل روزى مەھشەردە ماڭا، ئەي بىنىياز[4]،
قۇللۇقۇڭنى قىلمايىن ئۆتتى زىھى[5] ئۇمرى دەراز[6].

دەفتەرى بۇ نامەئى ئۇمرۇم ئىچىدە تاپمادىم،
بەرگى كاھىن[7] خەيرىياتىمدىن[8] ئىشىم مەھزى[9] مەجاز[10].

ئادەم ئوغلىنى نە ھىكمەت ئەردى قىلدىڭ مۇختەلىف[11]،
بىرنى مەستى غەرقى ئىسيان گاھ بىرنى پاكباز[12].

ئاخىرەتنى ئالەمى زاھىردا كۆرگۈزمەك ئۈچۈن،
لۇتفۇ قەھرىڭدىن نەمۇدار[13] ئەيلەدىڭكىم قىشۇ ياز.

ئاشىقۇ مەئشۇق سەنسەن جىلۋەگەر ھەر پەردەدە،
گاھ لەيلى گاھ مەجنۇن گاھ مەھمۇدى ئاياز.

پارسا[14]، تەقلىدى تائەتدىن بۇ كۈن دەم ئۇرماغىل،
قوپسام ئولتۇرسام قىيامۇ قەئدە ئەركانى نەماز[15].

شاھى ئۇريان مۇلكى تۈركىستان ئىچىدە كۆرمەدىم،
ئەي زەلىلىي، تۈرك سۆزلەردە سېنىڭدەك سېھىر ساز[16].

① گەرمى ــ ئىسسىقلىق، قىزغىن كەيپىيات، قىزغىنلىق؛ ② چىن چىن كەمەندى زۇلف ــ ئۇششاق ئۆرۈلگەن چاچ؛ ③ ئەييار ــ ھىيلىگەر، سېھىرگەر؛ ④ بىنىياز ــ موھتاجسىز، ئېھتىياجسىز، خۇدا؛ ⑤ زىھى ــ تولىمۇ، ھەقىقەتەن، كۆپ، ئەڭ؛ ⑥ دەراز ــ ئۇزۇن، ئېگىز؛ ⑦ بەرگى كاھ ــ سامان، بەدەننىڭ زەئىپلىكى؛ ⑧ خەيرىيات ــ خەيرخاھلىق، بەخت؛ ⑨ مەھز ــ پەقەت، يالغۇز، پۈتۈنلەي؛ ⑩ مەجاز ــ ئوخشىتىش، مېتافورا؛ ⑪ مۇختەلىف ــ ھەر خىل، ئوخشىمايدىغان، پەرقلىق؛ ⑫ پاكباز ــ ئۆزىنى ئۇنتۇغان، چىن ئاشىق، تەۋەككۇلچىلىك؛ ⑬ نەمۇدار ــ كۆرۈنۈپ تۇرغان، كۆرۈنەرلىك، كۆرۈنىدىغان؛ ⑭ پارسا ــ يامان ئىشلاردىن ئۆزىنى ساقلىغۇچى؛ ⑮ قىيامۇ قەئدە ئەركانى نەماز ــ نامازدىكى تۇرۇش ۋە ئولتۇرۇش ھالەتلىرى ۋە قائىدىلىرى؛ ⑯ سېھىر ساز ــ سېھىر قىلغۇچى، سېھىرگەر.

(3)

—V—V / —VV— / — V—V / —VV—
(رەجەزى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەخبۇن)

هەر كۆنلۆكى داغ ئىلە دامەنى لالەگۈن ئەمەس[1]،
يىرتماغاي ئول ياقاسىنى ئىشق ئىلىدەك زەبۇن ئەمەس.

ئەبر[2] بۇ كۈن يىغلمادى چىقمادى گۈيىيا شەفەق،
كۆز ياشىنى قاچان تۆكەر باغرى ئانىڭكى خۇن ئەمەس.

دەير ئىچىدە ئاشىقان مەست بولۇپ قىلۇر نەماز،
نەئل[3] ئەگەرچە ۋاژگۈن[4] بارغۇچى ۋاژگۈن ئەمەس.

بۇلبۇلى جانى بىنەۋا تەن قەفەسىدەدۇر مەلۇل،
دەرد بىلە نەۋا قىلۇر نالەئى ئەرغەنۇن ئەمەس.

زاھىدى ئافىيەت نىشىن كۆزگە كۆرۈنگەن ئول سەۋاد[5]،
تەلبە زەلىلىي رەقس[6] ئېتەر دەشت ئۈزە قويۇن ئەمەس.

(4)

—V—V / —VV— / — V—V / —VV—
(رەجەزى مۇسەممەنى مەتۋىيى مەخبۇن)

شۇھرەتىڭىزدە ئەقل ئەگەر زاھىدى پارسا ئېمىش،
لېك كۆڭۈلگە سال نەزەر ئايىنەئى خۇدا ئېمىش.

مەستى مەيى مۇغانەئى ياتسا دەم ئۇرماغىل ئاڭا،
پىرى مۇغان ئېشىكىدە ھەرق دېمەك خەتا ئېمىش.

لەنگەرى كىشتىيى[7] كۆڭۈل سىلسىلەئەشنى[8] جەمئ قىل،
قۇلزۇم[9] ئىچىدە رەھنەمۇن[10] قۇرئەئى[11] ناخۇدا ئېمىش.

بولمادى ۋائىزى شەھەر، ساھىبى دەفتەرى سۇخەن،
نالەئى زاغۇ بۇلبۇلان بىر بىرىدىن جۇدا ئېمىش.

---

① مىسرادا ۋەزىن بۇزۇلغان؛ ② ئەبر — بۇلۇت؛ ③ نەئل — نالە، تاقا؛ ④ ۋاژگۈن — ئاستى ـ ئۈستى قىلىنغان، بەختسىز، ئەنسىز؛ ⑤ سەۋاد — قارا، بىر نەرسىنىڭ قارىسى، تۇسى؛ ساۋات، يېزىق؛ بەلگە، نىشان؛ ⑥ رەقس — ئۇسسۇل؛ ⑦ لەنگەرى كىشتى — كېمە ياكى پاراخوتنىڭ لەنگىرى؛ ⑧ سىلسىلەئەش — زەنجىرى؛ ⑨ قۇلزۇم — دېڭىز؛ ⑩ رەھنەمۇن — يول كۆرسەتكۈچى، يېتەكچى؛ ⑪ قۇرئە — شەرتلىك بەلگە، چەك، چەك تارتماق.

سۇختەئى[1] نەفەس ئېرۇر ئەرزەئى پىشەئى جۇنۇن،
ئىشقنى مەن بەلا دېدىم، لېك بىر ئەژدەھا ئېمىش.

شىيشەنى تولدۇرۇر مەگەر قوپتى سۇراھى[2] بويلۇغۇم،
نەغمەئى ئەرغەنۇن چالىك، دەۋرى بۇكۇن ماڭا ئېمىش.

تەلبە زەلىلىي قىلماغىل ۋەئدەغە ......[3] بۇ كۇن،
سىلسىلەئى سەگى[4] سەنەم بوينۇماكىم رەۋا ئېمىش.

(5)

~V—/— —V—/— — V—/— —V—
(رەمەلى مۇسەممەنى مەقسۇر)

تا نەمايان ئەيلەدى دىلبەر يۈزىدە كۆزۈ قاش،
ئىككى كافىر ئېلكىدە گۈياكى شەمشىرى تالاش[5].

لالەزار ئولدى بۇ كۇن باشىم جۇنۇن ئەتفالىدىن[6]،
كۆچە گەردى ئىشق[7] بولدۇڭ دەپ ئاتارلار بەسكى تاش.

ئەرتەدىن ئاقشامغاچە مەشرىقۇ مەغرىب سەير ئېتىپ،
تەرزى[8] رەفتارى قەلەندەر كۆرگۈزۈر دەۋرى قۇياش.

ئافىيەتدە بارھا[9] ساھىل نىشىنى ئىشق ئېدىم،
غەرقى دەريايى جۇنۇن ئەيلەر مېنى ھەر لەھزە ياش.

مەشرەبى رىندان رەمۇزى[10] ئىشقدىن خۇش تازەدۇر،
ئاندا شادۇرۋان[11] ئېتەرلەر دەفتەرى ئىلمى مەئاش.

سۇبھى سادىقدىن[12] مەھەللى[13] فەيز ئېرۇر، ئەي غافىلان،
تەكيەگاھىڭ خىرمەنى[14] گۇل بولسا ھەرگىز قويما باش.

ئەي زەلىلىي، دىلبەرانى چىنۇ ماچىن ئاڭلادىم،
گەر ئۇلارنىڭ سۇرەتى شۇخانەدۇر كۆڭلى ياۋاش.

---

① سۇختە — كۆيگەن، يانغان؛ ② سۇراھى — مەي قۇيۇلىدىغان ئۇزۇن بويلۇق قاچا، قەدەھ، جام؛ ③ قول يازمىدا بۇ ئورۇندىكى سۆزلەرنى ئوقۇشقا ئىمكانىيەت بولمىدى؛ ④ سىلسىلەئى سەگ — ئىتنىڭ زەنجىرى؛ ⑤ تەلاش — ئالدىراش، پايپېتەك بولۇش، ئايرىلغان، ئاجرالغان؛ ⑥ جۇنۇن ئەتفالى — ياشلىق تەلۋىلىكلىرى؛ ⑦ كۆچە گەردى ئىشق — ئىشق سەرگەردانى؛ ⑧ تەرز — ئۇسۇل، چارە؛ ⑨ بارھا — بىر نەچچە قېتىم، قايتا ـ قايتا؛ ⑩ رەمۇز — ئىما ـ ئىشارەت، يوشۇرۇن مەنىلىك سۆزلەر؛ ⑪ شادۇرۋان — سايىۋەن، چېدىر؛ ⑫ سۇبھى سادىق — تاڭ ئېتىش پەيتى؛ ⑬ مەھەللى — جاي، ئورۇن، ۋاقىت، پۇرسەت؛ ⑭ خىرمەن — خامان، نېگىز، ئاساس.

(6)

~ — —V / — — —V / — — —V / — — —V

(ھەزەجى مۇسەممەنى مۇسەببەغ)

ئەجەب كۆرمەڭلە كەلسە نالەشىمدىن ھەر دەمىي تاۋۇش،
كۆڭۈل شەھرىنى ھەر تۈن لەشكەرى غەم ئەيلەدى كاۋۇش[1].

چېكىپ خەمسازە چۇن بۇلبۇل چەمەندە رەشكىدىن كۆيدۇم،
تىكەن شاخى دەرەختى گۈلنى ئەيلەر بىئىبا[2] ئاغۇش[3].

مەگەر ئايىنەئى خاكىستەرىمدىن[4] چىقمادى بىرەنگ،
مۇغانە نەغمە سەنجى[5] تۇتىئى گۇيا[6] ئېدى خامۇش.

نە ھۇش ئۇممىد ئېتەرسەن ھەر تەرەف جۇشى ئەنەل ـ ھەقدۇر،
قەدەم دار ئۇزرە قويىدى جەزبە[7]دىن مەنسۇردەك باھۇش[8].

زەلىلىي تەلبەلىكدىن بىر دەمىي ئاسايىش ئەتمەسسەن،
مۇھەببەت كارۋانى ئەيلەدى گۇيا سېنى خامۇش.

2. مۇخەممەسلەر

(1)

— — —V / — — —V / — — —V / — — —V

(ھەزەجى مۇسەممەنى سالىم)

بىھەمدۇللاھ كۆڭۈل تەختىغە ئول شاھى جەھان كەلدى،
ئۆلۈك جىسمىغا گۇيا ياڭى باشدىن تازە جان كەلدى،
فۇرۇغى[9] مەشئەلى باتىنلارى ئەلھەق ئەيان كەلدى،
مەشامى[10] تالىبى مەردى خۇداغا بۇيى جان كەلدى،
مەئانى ئالەمىنى سەير ئېتىپ قۇتبى زەمان كەلدى.

كەرامەت تىركەشىدىن[11] جىلۋە بەردى ئوق ئىلە ياسى،
مۇبارەك سىينەئى سافى ئۇلارنىڭ ئىشق دەرياسى،

---

① كاۋۇش — تەكشۇرۇش، قىدىرىش؛ ② بىئىبا — رەت قىلماي؛ ③ ئاغۇش — قۇچاق، قۇچاقلاش؛ ④ خاكىستەر — كۇل؛ ⑤ سەنج — چالماق، چەكمەك؛ ⑥ گۇيا — سايرىغۇچى، سۆزلىگۈچى؛ قول يازمىدا بۇ سۆزدىن كېيىن «دى» سۆزى يېزىلغان، ۋەزىن ۋە مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑦ جەزبە — مەھلىيا بولۇش، ئاشىقى بىقارار بولۇش؛ ⑧ باھۇش — ھوشيار، ئەقىللىك؛ ⑨ فۇرۇغ — يورۇقلۇق، روشەنلىك؛ ⑩ مەشام — بۇرۇن؛ ⑪ تىركەش — ئوقدان.

ئۆلۈگكە جان بېرۇر ئىيسا كەبى لەئلى شەكەرخا[1]سى،
تەرىقەت مەسنەدىدە[2] ئەھلى دىللار مەجلىس ئاراسى،
سەرى سەرھەلقەئى مەستانەھا پىرى مۇغان كەلدى.

شەرىئەت شاھى راھىنىڭ ھەمىشە بارۇ بەردارى،
ئەزىزانىكى ئۆتتى سەر بەتەسلىم ئەيلەدى بارى،
مەئانىي مەئرىفەتدە دەست بىر لايىئى دەست ئارى،
فەرىشتە خەيلىنىڭ جەمئىيەتىگە ئەمرىدۇر جارى،
كى نەسلى ھەزرەتى پەيغەمبەرى ئاخىر زەمان كەلدى.

تولۇپدۇر سەرھەدى كۆڭلۈمگە ھەي - ھەي شۇرۇ غەۋغاسى،
نې گەرم ئولدى جۇنۇن بازارى ئىچرە ئىشق سەۋداسى،
ۋەلايەت[3] بەخشىش ئەتكەن ھەر ۋەلىييۇللاھغا باباسى،
مەدىنە مۈلكىغا مانەند[4] ئېرۇر ئەترافى ئورداسى،
كەبۇتەرۋار ئولۇپ چەۋرۈلگەلى رۇھانىيان كەلدى.

سەرىرى ئاستانى قىبلەئى ئەھلى ۋەلايەتلەر،
خۇدا يولىدىن ئازغان ئەلگە كۆرگۈزگەن ھىدايەتلەر،
.......[5] ۋەش ئەيلەپ شەرھى تەفسىر ئىلە ئايەتلەر،
.....................[6] شلارغا ئەيلەپدۇر سىرايەتلەر،
زۇھۇرى ھەزرەتى مەخدۇمى ئەئزەم ناگەھان كەلدى.

كۇلاھى قۇتبى ئالەم كەيدىلەر ھەم تەختۇ تاجىن كۆر،
ئۇلارنىڭ ئەسرىدە ئىسلام ئىلە دىنىنىڭ رەۋاجىن كۆر،
مەئانىي سەيد[7] ئېتەرگە ھەم ھەۋا ئۇستۇندە لاچىن كۆر،
ئەزىزلەر خانەقاھى سەير ئېتەرسەن چىنۇ ماچىن كۆر،
مۇرادۇ مەقسەدىنى تاپتى ھەركىم بىگۇمان كەلدى.

مەگەر ساھىبقىرانى ھەفت كىشۋەر ھەزرەتى خاجەم،
بەلايى فىتنەئى ئاخىر زەمانغا بەردىلەر بەرھەم[8]،
ھەمە يارى خۇدايى بولدىلار بىدئەت ئېلىدىن كەم،
بىنايى سۈننەتى ئانھەزرەت ئولدى خەلق ئارا مۇھكەم،
بەلي نايىب مۇنەۋۋەب خاتەمى پەيغەمبەران كەلدى.

قاچان پەرۋا قىلۇر يۈزمىڭ ھۇجۇم ئەتكەنگە كۇففارى،
كەرامەت ئەۋلىيائۇللاھدىن مۇنداغ كېرەك ئارى،

① شەكەرخا — شېكەر چاينىغۇچى، شېكەر سۆزلۈك؛ ② مەسنەد — ئورۇن، جاي، تەخت؛ ③ ۋىلايەت — «ۋەلىي»نىڭ كۆپلۈكى؛ ④ مانەند — ئوخشاش، دەك؛⑤ قول يازمىدا بۇ ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان؛ ⑥ قول يازمىدابۇ ئورۇن ئاق قالدۇرۇلغان؛ ⑦ سەيد — ئوۋ، ئوۋلاش؛ ⑧ بەرھەم — يوقىتىش، نابۇت قىلىش.

جەۋاھىرخانەئى كۆڭلگە غەفلەت بولمادى تارى[1]،
سۇلەيمانىيكى بۇ روۋى زەمىندە ياۋەرۇ[2] يارى،
مۇنافىقنى ئاتارغا ساھىبى تىرى كەمان كەلدى.

ۋۇجۇدى چۇن مۇھىتى[3] بىنىھايەت پەرۋەرى گەۋھەر،
قانى بىر شىشەپۇشى چۆمگەيۇ غەرق ئولماغاي ئەكسەر،
ئالىپ دۇررى گۇھەرنى فۇقر دەريادىن چىقارغاي سەر،
ئەدۇيى[4] كىينەدارىڭ[5]، يا پىرىم، شەرمەندەۋۇ ئەبتەر[6]،
كىشكىم غەيبەت ئەيلەر ئاغزىدىن ھەر لەھزە قان كەلدى.

ئەگەر گەنجىنە[7] ئىچرە نۇقرەدۇر[8] يا تۇدەئى[9] زەردۇر،
ئۇلارنىڭ مەنزۇرىدا[10] تۇفراقۇ ئالتۇن بەرابەردۇر،
مۇبارەك لەبلەرىدىن سۆزلەدى تىللايى ئەھمەردۇر،
نەزەر گەر سالسالار مۇرىيغاكىم[11] گويا سىكەندەردۇر،
سۇلەيمانۋار ئولۇپ ھۆرمەت بىلە ساھىبقىران كەلدى.

نە ھەد بولغايكى ئەۋسافى[12] كەمالىڭ ئەيلەمەك تەقرىر[13]،
ۋۇجۇدۇم تىرەدۇر، ئەي پادشاھىم، زەررەئى ئىكسىر[14]،
يارىلغاي زەھرەسى[15] ھەيبەتلەرىدىن بولسا يۈزمىڭ شىر،
سەدايى ئەرغەنۇندىن بىر سەدادۇر نالەئى زەنجىر،
پىرىمۇ پادشاھىم، ئارىفى كەۋنۇ مەكان[16] كەلدى.

كۆزۈم تا تۇشكەلى ۋەقتى ئىنابەت ھەزرەتىڭ سارى،
جۇنەيدۇس ـ سانى دەرمەن يا فەرىدۇد ـ دىنى ئەتتارى،
زىھى ئەسھابى[17] كەھف ئەردىلەرۇ مەنزىللەرى غارى،
جۇنۇندىن گەرم بولدى ئەلھەزەر تەۋھىد بازارى،
ئەجايىب ھايھۇيى كىردۇدارۇ ئاشىقان كەلدى.

ھەقايىق[18] ئىقلىمىنىڭ سەلتەنەت سۈرگەن سۇلەيمانى،
دەقايىق مەزرەئىنى سەبز قىلغان فەيز بارانى،
كى ساھىب باتىن ئولغان جۇملەئى ئەسھاب يارانى،
شىكەستى لەشكەرى شەيتان ئولۇپ، ئەۋج ئولدى رەھمانى،
ھەقۇ باتىلنى فەرق ئەيلەرگە بىر ئالىي نىشان كەلدى.

---

① تارى ــ توساتتىن كۆرۈلۈش، پەيدا بولۇش؛ ② ياۋەر ــ مەدەتكار، دوست، ياردەمچى؛ ③ مۇھىت ــ ئوراپ ئالغان، سىغدۇرغان، دائىرە؛ ④ ئەدۇ ــ دۈشمەن، رەقىب؛ ⑤ كىينە ــ ئۆچمەنلىك، ئاداۋەت؛ ⑥ ئەبتەر ــ يوقالغان، ئۈزۈك؛ ⑦ گەنجىنە ــ خەزىنە؛ ⑧ نۇقرە ــ كۈمۈش؛ ⑨ تۇدە ــ توپ، دۆۋە؛ ⑩ قول يازمىدا بۇ سۆز «منضور » شەكلىدە يېزىلغان. بىزنىڭچە ئەسلىي «منظور » بولۇشى كېرەك ئىدى؛ ⑪ مۇر ــ چۈمۈلە؛ ⑫ ئەۋسافى ــ سۈپەتلىرى؛ ⑬ تەقرىر ــ بايان قىلىش؛ ⑭ ئىكسىر ــ ئەپسانىۋى تاش، ھېكمەت تېشى؛ ⑮ زەھرە ــ ئۆت؛ ⑯ كەۋنۇ مەكان ــ ئىككى جاھان، ئىككى دۇنيا؛ ⑰ بۇ سۆز كاتىب تەرىپىدىن سۆز قول يازمىدا «ئەسھافى» دەپ يېزىلغان، مەزمۇن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑱ ھەقايىق ــ ھەقىقەتلەر.

مۇھىتى مەۋجى زەن باتىنلارى قىلمايدۇلار ئىزھار،
چۇ مەۋلانايى رۇمىي كەشف ئېرۇر ساقلايدۇلار ئەسرار،
ۋەگەر نە ھەر تەكەللۇمدىن تۆكەرلەر بىر دۇرى شەھۋار،
فەلەكنى خەم قىلۇرلار گەر غەزەبدىن سالسالار ھەر بار،
كۆرۈك گەنجى گۆرۈھى مۇرشىدى دەلقى[1] گىران كەلدى.

مۇرىدۇ مۇخلىس ئۇلدى مىڭ تۈمەن كافىر بە ئاسانى[2]،
كەرامەتدىن مۇسۇلمان قىلدىلار گەبر[3] ئىلە تەرسانى[4]،
ۋەلىيلەر يەتتە ئىقلىمدىن كېلۇرلەر ئاندا يوق سانى،
ئۇلارنى سەلب[5] قىلغان رافىزىيدۇر[6] يا خوراسانى،
ۋە لېكىن پادشاھىم بارچەسىغە مېھرىبان كەلدى.

جەھان پۇر لۇئلۇئۇ[7] مەرۋارىد ئۇلسا يا دۇرى شەھۋار،
قاراپ باقمايدۇلار خوش ئەۋلىيادۇر نەنگ ئېيلەپ ئار،
سۇلۇكى سۇننەتى ئاداب ئىلە مەخدۇمى ئەئزەمۋار،
ئىنابەت ئېيلەگىل، ئەي كور، باتىن قىلماغىل ئىنكار،
تەرىقى نەقشبەندىي قانداغ ئەردىكىم ھەمان كەلدى.

سېنى بىنەندەلەر[8] كۆرگەندە ئاھۇيى ھەرەم دەرلەر،
سەفايى سىينە[9]دىن خاتىرلارىنى جامى جەم دەرلەر،
فىدايى بىر سەرى مۇيىنى ئىقلىمى ئەجەم دەرلەر،
دۇ گېيسۇيى[10] شەفائەت يۈزلەرىدە مۇھتەرەم دەرلەر،
دەمى ھەر سۇبھى سادىق ئەتىرىدىن ئەنبەر فىشان كەلدى.

زەلىلىي مۇشكىلىم ھەل بولدى چۇن فەيزى دۇئالاردىن،
دۇئا ئەلۋان ئۇچۇن ئىخلاس ئىلە شاھۇ گەدالاردىن،
بەلانى دەفئ ئېيلەپدۇر خۇدا چۇن بىنەۋالاردىن،
قەبۇلى تەۋبە ئېيلەپ سۇھبەتى مەردى ........
ئەزىزلەر چارباغىدىن گۇلى جەننەت نىشان كەلدى.

(2)

— —V / V — —V / V — —V / V— —

(ھەزەجى مۇسەممەنى ئەخرەبى مەكفۇفى مەھزۇف)

فەقر ئىزدەگەن ئەل دەۋلەتى شاھانەنى كۆردى،
تەرك ئەتتى بۇ ئالەمنىيۇ ئول يانەنى كۆردى،

---

① دەلق — جەندە؛ ② بە ئاسانى — ئاسانلا ③ گەبر — مەجۇسىي؛ ④ تەرسا — خىرىستىيان؛ ⑤ سەلب — تانماق، ئىنكار قىلماق؛ ⑥ رافىزىي — قىزىل باش، شىئەنىڭ بىر تارمىقى؛ ⑦ لۇئلۇ — ئۈنچە، مەرۋايىت؛ ⑧ بىنەندە — يىراقنى كۆرەر؛ ⑨ سىينە — قەلب؛ كۆكرەك؛ ⑩ دۇ گېسۇ — ئىككى تال چاچ.

خۇدبىن[1] سەدەف ئاسا ھەمە ئەفسانەنى كۆردى،
سەررافى مەئانىي دۇرۇ دۇردانەنى كۆردى،
ئۇل دۇرلار ئارا گەۋھەرى يەكدانەنى كۆردى.

سەھلىيدۇر[2] ئەگەر بىلسە كىشى ئىلمى نۇجۇمىي،
ئەللامەچە گەر زاھىرىدا بولسا ئۇلۇمى،
تەھسىلى ئەبەس[3] تەگمەسە بىر زەررە سەمۇمى[4]،
يەئنىيكى شۇناسا[5] ئېدىلەر مەۋلەۋى رۇمىي،
سۇلتانى تەرىقەت شەھى مەردانەنى كۆردى.

مەستانە يۈزى ھەر تەرەفى بارغالى يولدۇر،
مەردانە دەراز ئېيلە قولۇڭ ئالغالى قولدۇر،
دەرۋىش نە دەپ ئالەمى فانىي بىلە كۆلدۇر،
نەمرۇد ئوتىغا كىردى خەلىل بائىسى ئولدۇر،
ناگاھ كېچە غەيرەتى پەرۋانەنى كۆردى.

رەسۋايى جەھان قىلدى مېنى بىر قەدۇ قامەت،
رەفتارى ئانىڭ ياد بېرۇر جۇشى[6] قىيامەت،
تەئن ئەتمە جۇنۇنۇمغا مېنىڭ ئەھلى سەلامەت،
مەنسۇرنى دار ئۈزرە كۆرۈپ قىلما مەلامەت،
جان بەرمەسىدىن[7] ئىلگەرى جانانەنى كۆردى.

ھەر كىمكى ئېرۇر راست تاپار ئۇل تەلەبىدىن،
مەشھۇر ئېرۇر نەقل مۇھەممەد ئەرەبىيدىن،
كۆپ لۇتف بىلە راستلىغىنىڭ سەبەبىدىن،
تۆكمىشلە گەھى دۇررى ھەقىقەتنى لەبىدىن،
مەسجىد ئىچىدە ۋەقتىكى ھەننانەنى[8] كۆردى.

كۆز دەرلەر ئانى ھەر تەرەف ئەنۋارنى كۆرگەي،
جان كۆزگۈسىدە جىلۋەئى دىدارنى كۆرگەي،
مەقسۇد ئېرۇر گەنج نە ئۇل مارنى كۆرگەي،
ھاجى دەر ئېمىش مەست نېچۈك يارنى كۆرگەي،
مەن ئۆي ئىگەسى بىرلەنۇ ئۇل خانەنى كۆردى.

---

① خۇدبىن ــ تەكەببۇر، مەنمەنچى؛ ② سەھلىي ــ ئاسان، تەس ئەمەس؛ ③ ئەبەس ــ بىھۇدە، پايدىسىز؛ ④ سەمۇم ــ زەھەر، ئاچچىقلىق؛ ⑤ شۇناسا ــ تونۇش، دوست، يېقىن؛ ⑥ جۇش ــ قاينىماق، غۇۋغا، توپىلاڭ؛ ⑦ بۇ سۆز قول يازمىدا «بەرمەسىندىن» شەكلىدە يېزىلىپ قالغان، ۋەزىن ئېتىبارى بىلەن يۇقىرىقىدەك ئېلىندى؛ ⑧ ھەننانە ــ ھېسداشلىق قىلغۇچى، يارانغۇچى.

تاكى بۇ كۆڭۈل لەۋھەدەدۇر قال ئىلە قىلى،
يەك رەڭگ كېرەك سافى جىنان گۈنبەزى نىلىي،
ۋەھدەتدىن ئەسەر تاپقالى كىسرەتدۇ زەلىلىي،
ئۆمرىيدۇكى يالغۇز دەر ئەردى بۇ زەلىلى،
ئايدى بۇ مۇخەممەسنىيۇ ھەمخانەنى كۆردى.

**3. ھەمد، نەئت ۋە مەنقەبەتلەر**

(1)

نەئتى ئانھەزرەتى سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم[1]

— —V / — — —V / — — —V

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

مۇھەممەد ئەنبىيالار پېشۋاسى،
شەھەنشەھلەر ئېشىكىدە گەداسى.
رەسۇلى رەھمەتەن لىلئالەمىندۇر[10]،
بەرادەر خانى جەبرائىل ئەمىندۇر.

تۇفەيلىدىن ھۇۋەيدا[2] بولدى كەۋنەين[3]،
قەدەمگاھى مەقامى «قابە قەۋسەين»[4].
ھەدىسى[11] ھەرفى قۇرئانغا دەلايىل[12]،
ئەھەد[13] ئەھمەدگەدۇر[14] بىر مىمى ھايىل[15].

قارا تۈنلەردە ھەق يادىدا بىدار،
گۇنەھكارانى ئۇممەتكە نىگەھدار[5].
بەنامى ئەھمەدۇ مەھمۇدۇ مۇختار،
جەۋاھىرخانەئى سەندۇقى ئەسرار.

فۇرۇغى نۇرى فانۇسى ئىلاھىي،
كى «ۋەششەمسۇل قەمەر»[6] ياخشى گۇۋاھى
باسىپ يەتتە سىپىھرى[16] ئەرشى ئەئزەم،
ئۆتۈپ بىردەمدە يەتمىش پەردەدىن ھەم.

نۇبۇۋۋەت[7] ئاسماندا مەھى بەدر[8]،
يۈزى ئۇزرە دۇ گېيسۇ لەيلەتۇل ـ قەدر[9]
مەدىنە مۈلكىغا قىلدى نەزارە،
سەھابە ھەر بىرى بەرقى[17] ستارە[18].

(2)

مەنقەبەتى ھەزرەتى چەھار يارى با سەفايى رىزۋانۇللاھى تەئالا

— —V / — — —V / — — —V

(ھەزەجى مۇسەددەسى مەھزۇف)

نەخۇستىن[19] ھەزرەتى بۇبەكر ئېدىلەر،
خەلايىقنى خۇداغا ئىندەدىلەر.

---

① 0167 دە ماۋزۇ يوق؛ ② ھۇۋەيدا ــ ئاشكارا، روشەن؛ ③ كەۋنەين ــ ئىككى دۇنيا؛ ④ قابە قەۋسەين ــ ئىككى ياي ئارىلىقى، يەنى مىراج كېچە-سى ئاللاتائالا بىلەن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇزئارا يېقىنلىشىشى ياكى يولدا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام بىلەن جەبرائىل ئارىلىقىدىكى يېقىنلىقتا ئىشارە؛ ⑤ نىگەھدار ــ پاسىبان، ساقلىغۇچى؛ ⑥ ۋەششەمسۇل قەمەر ــ «قۇرئان كەرىم»نىڭ 91 ـ سۈرىسىنىڭ ئالدىنقى ئىككى ئايىتى كۆزدە تۇتۇلغان؛ ⑦ نۇ-بۇۋۋەت ـ پەيغەمبەرلىك؛ ⑧ مەھى بەدر ــ تولۇن ئاي؛ ⑨ لەيلەتۇل قەدر ــ قەدىر كېچىسى؛ ⑩ رەھمەتەن لىلئالەمىن ــ ئالەملەرگە رەھمەت؛ ⑪ ھەدىس ـ سۆزى؛ ⑫ دەلايىل ـ دەلىللەر؛ ⑬ ئەھەد ــ يېگانە(ئاللاغا قارىتىلغان)؛ ⑭ ئەھمەد ــ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ يەنە بىر ئىسمى؛ ⑮ ھايىل ــ توساق، پەردە؛ ⑯ سىپىھر ــ ئاسمان، كۆك؛ ⑰ بەرق ــ نۇر، شولا؛ ⑱ ستارە ــ يۇلتۇز؛ ⑲ نەخۇستىن ــ تۇنجى، بىرىنچى.

ئەمرى سادىقى ساھىب ۋىلايەت،
خىلافەت مەسنەدىدە بىنىھايەت.

رەسۇلى ھاشىمىينىڭ رازۋارى[1]،
ھەزىمەت[2] ئەيلەگەندە يارى غارى.

چىكىبان نەئرەلەر[3] جانۇ جىگەردىن،
جەھاننى كۆيدۇرۇپ ئاھى سەھەردىن.

ئىتائەت ئەيلەگەن ئەۋۋەل ئۇلاردۇر،
ئەمىرۇل ـ مۇئمىنىن دوۋۋۇم[4] ئۇمەردۇر.

ئۇمەر ئەدل ئىقلىمىنىڭ شەھرىيارى[5]،
ئەدالەت مەۋسۇمىنىڭ نەۋبەھارى.

قاچىپدۇر ھەيبەتىدىن شەمسى خاۋەر،
بە زەربى زەررەسىدىن تىترەدى يەر.

قەدى تائەت بىلە ئەردى ئەلىف لام،
بەسى دەۋرىدە رەۋنەق تاپتى ئىسلام.

بەلەند ئاۋازە بولدى دىنى ئەھمەد،
ئۇمەر دەپ ياد ئېتەر ئەردى مۇھەممەد.

ئۇچۈنچى ھەزرەتى ئۇسمان ئېدىلەر،
ھەيا گەۋھەرلەرىغە كان ئېدىلەر.

گۈلى رەئنا يۈزىدىن مۇنفەئىلدۇر[6]،
فەرىشتە ھىلمىدىن[7] دائىم خىجىلدۇر.

چەھارۇم[8] شاھى مەردانۇ جەۋانمەرد[9]،
چىقارىپ ...................... گەرد[10].

دەرى[11] خەيبەرنى بىردەمدە ئۇشاتقان،
رىزايى[12] ھەق ئۇچۇن ئۆزىنى ساتقان.

تەمامى غازىلارنىڭ تاجدارى،
قىلىم ئەيلەپ ئەدۇنى زۇلفىقارى.

سەراپا[13] ماسىۋا[14] بەندىدىن[15] ئازاد،
مۇسەخخەر[16] ئەيلەگەن دىۋۇ پەرىزاد.

شەھى دۇلدۇل سەۋارى ئەۋلىيادۇر،
ۋەلىيلەر سەرۋەرى شىرى خۇدادۇر.

زىھى فەرزەندى شىرىنى ھەسەندۇر،
ھۇسەين ئاتلىغلارى خۇنىن كەفەندۇر.

غەرىبى مۇستەفا دەرلەر بىرىنى،
شەھىدى كەربەلا دەرلەر بىرىنى.

ئىمامانى شەھى مۇشكىن گۇلالە،
قانى سەھرا يۈزىگە تۆتتى لالە.

ۋەھالەن ئىككى ئول رەخشەندە[17] ئەختەر[18]،
شەھىدى كەربەلايى ئىشق دەرلەر.

بىھىشتى ئەدن[19] ئىچىدە جاي ئۇلارغا،
دۇرۇدى بىئەدەد[20] بولغاي ئۇلارغا.

مۇسىبەتلەرىدىن تۆتتى جۇنۇنۇم،
كى قەترە قەترە جۇش ئەيلەيدۇ خۇنۇم.

خىرەد بىگانەۋۇ كۆڭلۈمدۇ ھەيران،
مەنى مەجنۇنى ئاھۇيى بەيابان.

ۋەلېكىن دەستگىرىم پىر بولغاي[21]،
سۆزۈم پەيۋەستە چۇن زەنجىر بولغاي.

[1] رازۋار ــ سىرداش؛ [2] ھەزىمەت ــ قايتىش، چېكىنىش؛ [3] نەئرە ــ پەرياد، ۋارقىراش؛ [4] دوۋۋۇم ــ ئىككىنچى؛ [5] شەھرىيار ــ خان، پادىشاھ؛ [6] مۇنفەئىل ــ خىجىل، ئۇيىلىش؛ [7] ھىلم ــ مېھرىبان، مۇلايىم، سەۋرچان؛ [8] چەھارۇم ــ تۆتىنچى؛ [9] جەۋانمەرد ــ ئالىي ھىممەت ئىگىسى؛ [10] گەرد ــ چاڭ ـ توزان؛ [11] دەر ــ ئىشىك، قوۋۇق؛ [12] رىزا ــ رازىلىق؛ [13] سەراپا ــ باشتىن ـ ئاياغ، پۈتۈنلەي؛ [14] ماسىۋا ــ ئاللادىن باشقا؛ [15] بەند ــ بوغۇش، تۇتقۇنلۇق، ئەسىرلىك؛ [16] مۇسەخخەر ــ بويسۇندۇرۇش؛ [17] رەخشەندە ــ نۇرلۇق، پارقىراق؛ [18] ئەختەر ــ يۇلتۇز؛ [19] ئەدن ــ بىر جەننەتنىڭ نامى؛ [20] بىئەدەد ــ ساناقسىز، ھېسابسىز؛ [21] بۇ سۆز قول يازمىدا «ھەيران» دەپ يېزىلىپ قالغان.

(3)

هەمدى ۋاجىبى تەئالا جەللە جەلالۇھۇ[1]

—V— — / —V— — / —V— — / —V—

(مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەھزۇف)

خۇدايا يوق ئەۋۋەل بىدايەت[2] ساڭا،
نە ئاخىردا بولغاي نىھايەت[3] ساڭا.

سىنىڭ بۇيرۇغۇڭدا ئەزەل تا ئەبەد[4]،
ھەراساندۇ[5] ھۇكمۇڭدا[6] ھەر نېكۇ بەد[7].

ھەمە شاھلارغا شەھەنشاھسەن،
نەكىم ئۆتسە ئالەمدىن ئاگاھسەن[8].

شەھى شەھرىيارانى رۇيى زەمىن،
سىنىڭ ئاستانەڭغە سۇرتەر جەبىن[9].

قىلىپسەن بۇ ئالەمنى پەيدا ئۆزۈڭ،
بىلۇرمەنكى داناۋۇ بىينا ئۆزۈڭ.

جەۋاھىر فۇرۇشانى[10] سەررافدىن[11]،
مەئانىيشۇناسانى ئەينەل - يەقىن.

قەمەر تەلئەتانى چۇ بەدرى مۇنىر،
دەرى دەرگەھىڭگە سىنىڭ مۇنتەزىر[12].

دەمى مۇر يا ئاھى مەزلۇمدۇر،
جەھان پەرۋەرا، سىزگە مەئلۇمدۇر.

شەھادەت مەقامىدا بارچە تىرىك،
سىنى ئايتادۇر: «ۋەھدەھۇ لاشەرىك».

بەلى دەرگەھىڭدۇر ئەجەب كارگاھ،
فەلەك خىرگەھى[13] ئىچرە فانۇسى ماھ.

چەپۇ راست يۇلدۇزنى لەشكەر قىلىپ،
قارا كېچەلەرنى مۇنەۋۋەر قىلىپ.

چۇ مۇرغانى[14] ۋەھشىي كەبى تەير[15] ئېتەر،
نە مەشرىق نە مەغرىب يۇرۇپ سەير ئېتەر.

بۇلارنى تۇفەيلى ھەبىب ئەيلەدىڭ،
گۇنەھكارلارغا تەبىب ئەيلەدىڭ.

(4)

نەئتى ھەزرەتى مۇھەممەد مۇستەفا سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم[16]

—V— — / —V— — / —V— — / —V~

(مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر)

رەسۇلى خۇدا مەزھەرى[17] نۇرى پاك،
جۇھۇدىيكى مۇنكىردۇ بولسۇن ھەلاك.

مۇنەۋۋەر ئېدى نۇردىن ساقى ئەرش،
مۇزەييەن[18] قىلىپ شەرئ تا تەھتى فەرش.

---

① 0167 دە ماۋزۇ يوق؛ ② بىدايەت — باشلىنىش؛ ③ نىھايەت — ئاخىرلىشىش؛ ④ «چولڭ دىۋان»دا: «سىنىڭ لۇتفۇ قەھرىڭ بىلەن تا ئەبەد» دەپ يېزىلغان؛ ⑤ ھەراسان — قورققۇچى، قورققان، قورقاق؛ ⑥ «چولڭ دىۋان»دا: «ئالەمدە» دەپ يېزىلغان؛ ⑦ نېكۇ بەد — ياخشى - يامان؛ ⑧ «چولڭ دىۋان»دا: «كى زاھىرۇ باتىنىدىن ئاگاھسەن» دەپ يېزىلغان؛ ⑨ «چولڭ دىۋان»دا: «سىنىڭ ئاستانەڭگە قويغاي جەبىن» دەپ يېزىلغان؛ ⑩ فۇرۇشان — ساتقۇچىلار؛ ⑪ سەرراف — پۇل ئالماشتۇرغۇچى، قىممەت باھالىق تاشلارنى باھالىغۇچى؛ سۆزمەن؛ ⑫ مۇنتەزىر — كۈتكۈچى، ساقلىغۇچى؛ ⑬ خىرگەھ — چېدىر؛ ⑭ مۇرغان — قۇشلار؛ ⑮ تەير — ئۇچۇش، پەرۋاز قىلىش؛ ⑯ 0167 دە «نەئت» دەپ ئېلىنغان؛ ⑰ مەزھەر — كۆرۈنۈش، نىشانە؛ ⑱ مۇزەييەن — چىرايلىق بېزەلگەن، ياسالغان.

نۇبۇۋۋەت بىلە بارچەنىڭ تاجىدۇر،
نەبىيىۇ ۋەلىي جۇملە مۇھتاجىدۇر[1].
فەلەكدىن بەلەند ئەردى بەس ھىممەتى،
مەلەكدىن زىيادە كۆرۈك ئۇممەتى[2].
شەرىئەتلەرى بولدى ئالەمگە شەمئ،
شەرىئەت تەرىقەت ھەقىقەتدە جەمئ.

قەۋى[3] پەنجە ئەيلەپ سەدايى سەلات[4]،
كى سىندۇردى بازۇيى[5] لاتۇ مەنات[6].
رىسالەتدە دائىم بۇ ئالىي جەناب،
جەھان رەۋشەن ئەتتىلە بۇ[7] ئافتاب.
شەفائەتگەرى ئاسىيانى[8] ئۇمەم[9]،
نە مۇلكى ئەرەبدۇر نە مۇلكى ئەجەم.

(5)

## مەنقەبەتى چەھار يارانى رىزۋانۇللاھى ئەلەيھىم ئەجمەئىن[10]

V— — / V— — / V— — / V ~

(مۇتەقارىبى مۇسەممەنى مەقسۇر)

قالىپ ھەر بىر ئەسھابىكىم يادگار،
فەزىلەت بىلە بارچەدىن چەھار يار[11].

خىلافەتكە ئەۋۋەل كى قىلدى زۇھۇر،
گۇلى باغى جەننەت ئەبۇبەكر دۇر.

سەھابە ئاراسىدا شەيخى كىبار[12]،
دەپ ئەردىلە[13] ئەھمەد ئانى يارى غار.

ئۇمەر ئەدلىدىن تۈكتى ھەريان گۇھەر،
تۇتۇپ ھۆكمىنى تىترەدى بەھرۇ بەر.

چىقىپ ھۇ سەھەر ۋەجدۇ ھالاتىدىن،
جەھان تولدى ھەي ھەي كەراماتىدىن.

بىرى زۇھرەدىن سەبز ئېتىپ پىرەھەن،
بىرى تىغ ئىلە بولدى خۇنىن كەفەن.

شەھىد ئولدىلار ئىككى ساھىبقىران،
كى ئاسىيىۇ جافىيى ئۇممەت دىبان.

ئۈچۈنچى خىلافەتدە ئۇسماندۇلار،
ئۇلار ساھىبى جەمئى قۇرئاندۇلار[14].

ئۇرۇپ جۇش كۆڭلىدە دەريايى ئىلىم،
ھەيا بابىدا مەجلىس ئارايى ھىلىم[15].

چەھارۇم سەرى سەرۋەرانى ۋەلىي،
شىجائەتدە بىل شاھى مەردان ئەلىي.

ئەلىي دەرلەر ئاتىنى دۇلدۇل سەۋار،
قىلىپ قەتل دۇشمەن دەمى زۇلفىقار.

قالىپ ئىككى فەرزەندكىم نۇرئەين،
ئىمامى ھەسەندۇر ئىمامى ھۇسەين.

ئىماملاردۇ مەھشەردە چوپانى خەلق،
تەسەددۇق ئۇلارغا دىلۇ جانى خەلق.

كەل ئەمدى زەلىلىي دۇرۇد ئەيلەگىل،
مۇسىبەتدە كۆزلەرنى رۇد ئەيلەگىل.

---

[1] 0167 دە: «موھتاجدۇر» دەپ يېزىلغان؛ [2] «چولڭ دىۋان»دا: «فەرىشتەدىن ئارتۇق ئىدى ئۇممەتى» دەپ يېزىلغان؛ [3] قەۋى — كۈچلۈك؛ [4] سەلات — ناماز، ئىبادەت؛ [5] بازۇيى — قول، بىلەك؛ «چولڭ دىۋان»دا: «بەررۇيى» دەپ يېزىلغان؛ [6] لاتۇ مەنات — ئىسلامىيەتتىن بۇرۇنقى ئەرەبلەرنىڭ بۇتى؛ [7] «چولڭ دىۋان»دا: «چۇن» دەپ يېزىلغان؛ [8] ئاسىيان — ئاسىيلار؛ [9] ئۇمەم — ئۇممەتلەر؛ [10] 0167 دە ماۋزۇ يوق؛ [11] 0167 دە: «چەھار يار» دەپ يېزىلغان؛ [12] كىبار — ئۇلۇغ، چولڭ؛ [13] «چولڭ دىۋان»دا: «ئەردىكى» دەپ يېزىلغان؛ [14] ساھىبى جەمئى قۇرئان — قۇرئاننى توپلىغۇچى؛ [15] «چولڭ دىۋان»دا: «ئىلىم» دەپ يېزىلغان.

### 4. بەند، بېيت، مىسرا ۋە باشقىلار

ئالتىنچى غەزەلنىڭ ئالتىنچى بېيتى بىلەن يەتتىنچى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

كەبۇتەر نامەئى بالىڭغا باغلارمەن خەبەردار ئول،
مۇبادا تۇشمەگەي مەجنۇنغا بۇ تۇمارى غەم تەنھا.

22 ـ غەزەلنىڭ ئۈچىنچى بىلەن تۆتىنچى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

بەرقى شەرارى ئاھىم كۆلبەمنى رەۋشەن ئەيلەر،
مەشئەل كېچە نە ھاجەت ياندى چىراغى غۇربەت.

51 ـ غەزەلنىڭ تۆتىنچى بېيت بىرىنچى مىسراسىنىڭ كەينى بوش قالدۇرۇلغان بولۇپ، 0167 دە:

فەرز ئولدى ئېلىكىنى يۇماقى ھەرەمىدىن،
ھەر كىمكى ئەۋام ئەھلىنى ئۆيگە ياۋۇتۇپدۇر.

81 ـ غەزەلنىڭ تۆتىنچى بېيتى 0167 بىلەن پەرقلىق بولۇپ، تۆۋەندىكىچە:

ئەقل ھىسارىنى كېچە تازە شەبىخۇن ئەيلەيىن،
ئىشق چەرىكى تىكتىلەر باشىم ئۇزە نىشانۇ تۇغ.

84 ـ غەزەل تۆتىنچى بېيت ئىككىنچى مىسرا «چولڭ دىۋان»، «كىچىك دىۋان» ۋە 0167 لاردا تۆۋەندىكىدەك:

مەزھەبى بۇ ھەنىفەدىن شەرئ ئېلى بەردىلەر جەۋاب،
گەرچە قىلۇرمۇ بارھا شافىئىدىن سۇئالى ئىشق.

153 ـ غەزەلنىڭ سەككىزىنچى بېيتى بىلەن توققۇزىنچى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

قوزغالدى ۋەجدۇ ھالات يىغلاڭلا ئەھلى ھاجات،
مەقبۇلىئى مۇناجات ھەر سۇبھگاھ ئەمەسمۇ.

162 ـ غەزەلنىڭ 15 ـ بېيت بىرىنچى مىسراسىنىڭ بېشىدىكى سۆز ئاق قالدۇرۇلغان، 0167 دە:

ھەيكەلنى كىم بىلۇر ياد دىۋ ئېلىكىدىندۇر ئازاد،
ئەفسۇنىئى پەرىزاد شەكلى تۇمار ئىچىدە.

168 ـ غەزەلنىڭ ئۈچىنچى بېيتى بىلەن تۆتىنچى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

بىنا رەس ئىقلىمىدا گەرچە يۈزمىڭ شۇخ ئوينايدۇر،
پەرى رۇخسارەلەرگە نە ۋەلىي ئەجمىرۇ بەنگالە.

ئالتىنچى مۇخەممەسنىڭ بىرىنچى كۇپلېتى بىلەن ئىككىنچى كۇپلېتىنىڭ ئارىلىقىدا:

مۇغەننىي تارى قانۇن بىرلە تا سەۋتى ئەجەم تۈتتى،
جۇنۇن زەنجىرى كەلتۇر ئەقل چۇن راھى ئەدەم تۈتتى،
خۇشا ساقىي ماڭا دىلبەر بولۇپ مەي دەمبەدەم تۈتتى،
كۆڭۈل دىۋانەلىكدىن دامەنى سەھرانى غەم تۈتتى،
قىيامەت قامەتىنى خەلق ئىچىدە ئاشكار ئەيلەپ.

توققۇزىنچى مۇخەممەسنىڭ ئالتىنچى كۇپلېت ئىككىنچى مىسراسىنىڭ قاپىيەسى بوش قالغان، 0167 دە:

جەھان پۇر گۇفتۇگۇيى ئىشق ئولۇپدۇر مەن نەدىن فارىغ.

14 ـ مۇخەممەسنىڭ ئۈچىنچى كۇپلېت تۆتىنچى مىسراسىنىڭ يېرىمى بوش قالغان، 0167 دە:

زۇلفى چمن چمن ئارەزىنىڭ خالىنى ياپقان ئۇچۇن.

15 ـ مۇخەممەسنىڭ تۆتىنچى كۇپلېت تۆتىنچى مىسراسىنىڭ ئوتتۇرى بوش قالغان، 0167 دە:

ۋاقىفى ئەھۋال ھالۇ قالى چىلتەن بولماساڭ.

«چوڭ دىۋان»دا 16 ـ مۇخەممەسنىڭ ئىككىنچى كۇپلېتى بۇزۇلغان، 0167 دە ياخشى ساقلانغان:

جامى جەم ئەسرارىدىن كەرمان ئىچىدە ئۇ ھەدى،
مەسنەدى شەيخۇ ھەياتدا ئولتۇرۇپ مۇنداغ دېدى،
ئارىف ئولدۇر دۇنيانى تاشلاپ غەمى ئۇقبا يېدى،
سۇفىيانى سەۋمەئە جاھىللىقىدىن بىلمەدى،
مەئرىفەتنىڭ خانەقاھىغا قەدەم كەلتۇرمىشەم.

16 ـ مۇخەممەسنىڭ بەشىنچى كۇپلېتىنىڭ تۆتىنچى، بەشىنچى مىسرالىرى چالا بولۇپ، 0167 دە:

لەئلى لۇتفىنىڭ ھەدىسىنى يازاردا بارھا،
نەي شەكەرنىڭ شاخۇ بەرگىدىن قەلەم كەلتۇرمىشەم.

16 – مۇخەممەسنىڭ ئالتىنچى كۇپلېتى چالا بولۇپ، 0167 دە:

تەلبە دەپ ئالەمدە مەندىن شۆھرەتى ئاۋازەدۇر،
ھەرفى ھەر بىتتىم ھىسارى دەردگە دەرۋازەدۇر،
مەئرىفەت تارى كىتابى كۆڭلۈمە شىرازەدۇر،
گۇشە تابى ئەرغەنۇندۇرمەن دىماغىم تازەدۇر،
ئەنبەر ئەفشان نەكھەتى زۇلفى سەنەم كەلتۇرمىشەم.

17 ـ مۇخەممەسنىڭ توققۇزىنچى كۇپلېت ئۈچىنچى مىسراسىنىڭ ئوتتۇرى بوش قالغان، 0167 دە:

پەست ئولدى پارساۋۇ لەۋەند ئەيلەدى ئۇرۇج.

17 ـ مۇخەممەسنىڭ 12 ـ كۇپلېت بىرىنچى مىسراسىنىڭ بېشى ئاق قالغان، 0167 دە:

ئەي دىل، ھەمىشە تالىبى مەتلۇبى جام ئېدىڭ.

ئىككىنچى ساقىينامىنىڭ تۆتىنچى بېيتى بىلەن بەشىنچى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

ئېشتىكىل باغى ئالىينىڭ بەيانى،
بۇ ياڭلىغ ئېدى ئۇستادى مەئانىي.

«ئەلىف قامەتىم قىلدى ئىشقىڭ چۇ نۇن» دەپ باشلانغان مەسنەۋى كىتابتا 20 بېيت، «چوڭ دىۋان»دا 26 بېيت، 0167 دە 29 بېيت بولۇپ، تۆۋەندىكىچە:

دېگىل جانۇ كۆڭلۈڭ بىلە سۇبھۇ شام، مەلەكدەك نىھان بولماغىل زىنھار.
ھۇسەينا، شەھىدا، غەرىبا ئىمام. بەشەر پەردەسىدىن باشىڭنى چىقار.
بۇ كۇن كەربەلادىن زۇھۇر ئەيلەگىل، جەمالىڭدىن ئولسۇن خەرابات مەست،
زۇلۇماتى ئالەمنى نۇر ئەيلەگىل. زەمىنۇ زەمانۇ سەماۋات مەست.
مۇبارەك يۈزۈڭدۇر نەسىمى بېھىشت، بېرىلىڭ، ساقىيا، بىزگە جامۇ شەراب،
مۇئەتتەردۇ گېيسۇيى ئەنبەرى سىرىشت. كۆڭۈل ئاتەشىدىن جىگەردۇر كەباب.

«ھەيا گۇلشەنى سەندىن ئولدى بەھار» دەپ باشلانغان بېيت بىلەن كەيىندىكى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

نەزاكەت بىلە ئاچىلىپ گۇللارى،
ئاڭا سايرادى ياخشى بۇلبۇللارى.

«تىلەر دەۋلەتىڭنى سېنىڭ رۇزۇ شەب» دەپ باشلانغان بېيت بىلەن كەيىندىكى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

كى جانۇ دىلىمدىن دۇئاگۇيى ئۈچۈن،
ئەقىدە يۈزىدىن رىزاجۇيى ئۈچۈن.

«مۇسەللەم بۇ شەھرۇ بۇ تەختۇ بۇ تاج» دەپ باشلانغان بېيت بىلەن كەيىندىكى بېيتىنىڭ ئارىلىقىدا:

بېرىپ دادىنى كەلسە ھەر بىيۋە زەن،
سۆزۈڭ مەجلىس ئارايى دۇررى ئەدەن.

دېگەن بېيتلار بار.

(ئاپتورلاردىن قۇربانجان ئابدۇقادىر جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىنىڭ خىزمەتچىسى، ئەرافات ھەسەن مۇسابايېف شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىنىڭ ئاسپىرانتى)

شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالۇن

# قەسىدىچىلىك پىرى ــ ئەنسارىي

قەسىدە ــ پارس ـ تاجىك كىلاسسىك شېئىرىيىتىدىكى بىر قەدىمىي ژانىر بولۇپ، «قەسىدە» ئەرەبچە شېئىرىي ئاتالغۇ، ئۇنىڭ مەنىسى «مەدھىيەلەش»تۇر. قەسىدىدە ئەسلىدە ئاللا تائاللا، پەيغەمبەر ۋە ئەۋلىيا ـ ئەنبىيالار مەدھىيەلىنەتتى. كېيىنچە شاھ ـ پادىشاھ، خان ـ ۋەزىرلەرمۇ قەسىدىنىڭ مەدھىيەلەش ئوبيېكتلىرى بولۇپ قالدى. ماقالىمىزدا مۇھاكىمە قىلىنىۋاتقان ئەنسارىي خاننى مەدھىيەلىگۈچى قەسىدىچىدۇر.

ئەنسارىينىڭ تولۇق نامى ئەبۇل ھەسەن ئىبنى ئەھمەد ئەنسارىي (961 ــ 1039) بولۇپ،قەدىمكى بەلخ شەھىرىدە بىر سودىگەر ئائىلىسىدە تۇغۇلغان. كىچىكىدە ئاتىسى بىلەن تىجارەت قىلغان. كېيىنكى چاغلاردا سەپەر جەريانىدا قاراقچىلارنىڭ ھۇجۇمىغا ئۇچراپ بۇلاڭ ـ تالاڭ قىلىنغان، شۇنىڭدىن كېيىن سودىگەرلىكتىن ۋاز كېچىپ، ئەدەبىي ئىجادىيەت بىلەن شۇغۇللانغان. ئەنسارىي مەھمۇد غەزنەۋىي (971 ــ 1030) ئوردىسىدا شائىرلىق قىلغان. سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ شۇنداق بىر ئادىتى بار ئىدىكى، ئۇ دائىم ئون نەچچە شائىرنى ئۆز ئوردىسىغا توپلاپ، ئۇلارغا ئۆزىنىڭ ئۇلۇغ نۇسرەت تۆھپىسىنى مەدھىيەلىتەتتى، شائىرلاردىن ئۆزىنى ماختاشنى تەلەپ قىلاتتى، شۇڭا مۇشۇ دەۋردە قەسىدىچىلىك ئەۋج ئېلىپ تەرەققىي قىلغانىدى. مەھمۇد غەزنەۋىي ئۆز ئوردىسىدا «مەلىكۇش ـ شۇئەرا» (شائىرلارنىڭ شاھى) دېگەن مەنسەپ ـ ئۇنۋاننى تەسىس قىلغان بولۇپ، مەزكۇر مەنسەپ ـ ئۇنۋانغا ئېرىشكەن شائىرنى نۇرغۇن ئىنئام بىلەن تارتۇقلايتتى. ئەنسارىي دەل مۇشۇنداق مەنسەپ ـ ئابرۇيغا ئېرىشكەنىدى. شۇڭا، ئەنسارىي زامانىسىدىكى كىشىلەر ئۇنى ئەدەبىيات ـ سەنئەتنىڭ پىرى① دەپ مەدھىيەلەيتتى.

باشقا شائىرلارنىڭ شېئىرلىرى ئەنسارىينىڭ ماقۇللۇقىدىن ئۆتسە ئاندىن شاھقا بېرىلەتتى. ئۇ كۆپ قېتىم سۇلتان مەھمۇد بىلەن يىراق سەپەرلەردە بىللە بولغانىدى. مەھمۇد غەزنەۋىي ئۇنىڭغا ناھايىتى كۆپ ئىنئاملارنى بېرەتتى. تۆۋەندىكى ھېكايىدىن مەھمۇد شاھ بىلەن ئەنسارىينىڭ قويۇق مۇناسىۋىتىنى تەسەۋۋۇر قىلغىلى بولىدۇ.

---

① باباجان غاپۇروۋ: «تاجىكلار» (تاجىكلار تارىخى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى نەشرى، 147 ـ بەت.

ھېكايەت قىلىنىشىچە، سۇلتان مەھمۇدنىڭ ئەڭ ئەتىۋارلىق ۋەزىرى چېچىنى ناھايىتى قىسقا قىلىپ ياساتقانىكەن. پادىشاھ ئۇنى كۆرۈپ ئىچى پۇشۇپتۇ، پادىشاھنىڭ كەيپىياتىنى نورماللاشتۇرۇش ئۈچۈن، شائىرلار شاھى ئەنسارىي نەق مەيداندىلا مۇنداق نەزم ئوقۇپتۇ:

چېچىنى قىرىپتۇ، بۇڭا نە ئەجەب،
بۇنى دەپ غەم قىلماق يەنە نە سەۋەب.
ئىچمەكلىك پەيتى بۇ، تۇرسا مەي ـ شاراب،
كەسكەن تال كۆكلەيدۇ يەنە ئۇزىراپ①.

بۇ شېئىر ئۇنىڭغا بەكلا يېقىپ كېتىپتۇ ھەمدە شائىرنىڭ ئاغزىنى ئارقا ـ ئارقىدىن ئۈچ قېتىم ئۈنچە ـ مەرۋايىت بىلەن تولدۇرۇشنى پەرمان قىپتۇ. ئەنسارىي ئەنە شۇ بىر كۇپلېت شېئىرى ئۈچۈن كۆپلەپ ئۈنچە ـ مەرۋايىت ئىنئام ئاپتۇ.

ئەنسارىينىڭ قەسىدىچىلىك جەھەتتىكى تالانتىغا ئۆز دەۋرىدىكى شائىرلارمۇ مايىللىقىنى بىلدۈرگەن. بۇ توغرۇلۇق غەزنەۋى دەۋرىدە ياشاپ ئۆتكەن ئوردا شائىرى ئەبۇل ئەھمەد مەنۇچېھرى (1040 ـــ ؟) مۇنداق مەدھىيە يازغان:

ئەبۇلقاسىم ھەسەننىڭ شانلىق نەزمىنى، ئۆزىمۇ شېئىردەك بەك ئالىي ئىنسان.
ئوقۇيمەن تا سەھەر، زېرىكمەي ئۇنى. بۇ گۈزەل مىسرانى بەرگەندۇر خۇدا،
ئەنسارىي ھازىرقى شائىرلار پىرى، ھەر سۆزى ئاسماندىن چۈشكەندەك گويا.
دىلى پاك ھەقىقىي مۇئمىندۇر ئۆزى. ئوقۇساڭ شېئىرىنى ئاغزىڭ شەربەت تەم،
شېئىرى ئۆزىدەك پاكىز ھەم راۋان، پۈرايسەن سۆزىدىن گۈلپۈراقنى ھەم②.

ئەنسارىينىڭ غەزەل يازغانلىقىمۇ تىلغا ئېلىنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ غەزەللىرى رۇداكىينىڭ غەزەللىرىدەك گۈزەل، جەلپكار ۋە مۇكەممەل ئەمەس ئىكەن، بۇنى ئەنسارىي ئۆزىمۇ ئىقرار قىلىپ، «غەزەللىرىم رۇداكىينىڭ غەزەللىرىدەك گۈزەل ۋە ھېسسىياتلىق ئەمەس» دېگەنىكەن③.

ئەنسارىينىڭ شېئىرىيەتكە قوشقان تۆھپىسى ۋە ئۆزگىچىلىكى قەسىدىدە روشەن كۆزگە چېلىقىدۇ. تاجىك ـ پارس كىلاسسىك شېئىرىيىتىدە قەسىدىچىلىك رۇداكىي دەۋرىدىلا شەكىللەنگەن بولۇپ، ئەنسارىي دەۋرىگە كەلگەندە تەرەققىي قىلىپ ۋايىگە يەتكەن، ئەنسارىي بىلەن رۇداكىي ئارىلىقىدا بىر ئەسىر ۋاقىت پاسىلى بار.

مەھمۇد غەزنەۋىي ئۈچۈن مەسنەۋى ژانىرىدا يېزىلغان 75 بېيىتلىق قەسىدە ئەنسارىينىڭ ئەڭ ۋەكىللىك خاراكتېرگە ئىگە قەسىدىسى ھېسابلىنىدۇ. بۇ قەسىدىنىڭ دەسلەپكى 15 بېيىتىدا سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىي مەدھىيەلەنگەن.

قاي بىراۋ ئۇيلىسا سەلتەنەت سۈرمەك، شاھىنشاھ ئۇڭ قولى كەلسۇن ئامىتى،
خان ئۈچۈن جان پىدا قىلمىقى كېرەك. نۇر چاچسۇن ئۇ خەلقىنىڭ مەدەت يۆلىكى.

① جالال خوگنىيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 96 ـ بەت.
② يۇقىرىدىكى كىتاب 96 ـ، 97 ـ بەتلەر.
③ يۇقىرىدىكى كىتاب 97 ـ بەت.

خاس ئۇڭا ئاللاھنىڭ شەپقەت رەھمىتى،
بۇنچىلىك ھەممەتكە كۆمگەن ئۇ كىمنى؟
بۇ سۆزگە ئۆلىما، ئالىملار قايىل،
شەپقەتكە ئۇنىلا قىلىپتۇ نائىل.
ئاللاھنىڭ خاھىشى، ئۇجاھان شاھى،
ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە كىم چىققاي قارشى.
ئەل ـ يۇرتنى ئۇنىڭغا بېرىپتۇ ئاللاھ،
ئۇنىڭغا باقمىساڭ بولىسەن گۇمراھ.
ھەر ئىشى ئوڭۇشلۇق، ئۇڭا خاس شۆھرەت،
قارشىلىق قىلغاننى باسىدۇ ئاپەت.
ئاللاھنىڭ ھۆكمىگە كىم چىقسا قارشى،
شۇ گۇمران بولغۇسى، بولغاچ لەنىتى.

ئىشەنسەڭ بولار جەم مۇنەججىم سۆزى:
ھەر ئىشى تەقدىرگە پۈتكەن شۇ سۆزى.
كۆپ پاكىت بۇنىڭغا تۇمەنلەپ دەلىل،
ھەممىگە ئۇ ھاكىم، ھۆكۈمدار قابىل.
ھەممىدىن يورۇقراق يۇلتۇز ـ ئەختەرى،
بىلمىسەڭ كۆزۈڭنى ئېچىپ كۆر ئۇنى.
ھۆكۈمى يېتىدۇ ئاسمان ـ پەلەككە،
ئاللاھنىڭ بەرگىنى ئۇڭا ئەبەتكە.
ياراتقان يەر ـ ئاسمان، يۇلتۇزنى ئاللاھ،
پەلەكنىڭ گەردىشى بۇ سۆزگە گۇۋاھ.
ئاللاھدىن ئۇنىڭغا كەلگەچ سەئادەت،
ھەر ئىشتا ئۇ خاقان قۇچىدۇ نۇسرەت.①

يۇقىرىدىكى مىسرالاردا ئەنسارىينىڭ مەقسەت ـ مۇددىئاسى ناھايىتى ئوچۇق ئىپادىلەنگەن. ئۇ كىشىلەرگە شۇنى ئىيتماقچىكى، سۇلتان مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ شاھ بولۇشى ئاللاتائالانىڭ تاللىشى، ئىرادىسى ۋە ئەمرىدۇر. ھەر قانداق كىشى تەقدىرنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇشىغا بويسۇنۇشى، قارشىلىق كۆرسەتمەسلىكى كېرەك، مانا بۇ فىئوداللىق پادىشاھلىق تۈزۈمىنىڭ شائىرنىڭ ئىدىيىسىگە كۆرسەتكەن تەسىرى. شائىر بۇ شېئىرى ئارقىلىق ئاللا، شاھ ۋە ئاۋامنى ئۈچ قىرلىق مۇناسىۋەت ئەندىزىسىگە كەلتۈرۈپ باغلىغانىدى. ھالبۇكى، بۇ شۇ چاغدىكى شېئىرىيەت ئىجادىيىتىدە مىسلى كۆرۈلمىگەن يېڭىلىق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن ئەنسارىي «شائىرلار شاھى» دېگەن نامغا، سان ـ ساناقسىز قىممەتلىك ئىنئام ـ تارتۇقلارغا ئېرىشكەنىدى.

شۇنىڭدىن كۆرەلەيمىزكى، شېئىر ئىجادىيىتىدە مۇستەقىل پىكىر ـ ئىدىيە، ئىزگۇ ھېسسىياتلار، گۈزەل تىل ۋە لوگىكىلىق باغلىنىشلار بولمىسا، ئۇنداق شېئىر ئەخلەت ياكى پاخال شېئىر ھېسابلىنىدۇ. كۆپلىگەن شېئىرلارنىڭ بۈگۈن پەيدا بولۇپ، ئەتىسى تېزلا يوقاپ كېتىشى ئەنە شۇ ئامىللارنىڭ كەمچىل بولۇش سەۋەبىدىندۇر.

ئەنسارىي قەسىدىسىنىڭ كېيىنكى قىسمى 50 بېيىت مەسنەۋىدىن تەركىب تاپقان بولۇپ، ئۇنىڭدا شائىر تۆت چوڭ تارىخىي پاكىت، يەنى مەھمۇد غەزنەۋىينىڭ جەڭ پائالىيىتىنى تەسۋىرلىگەن. بۇ قىسىمدا گەرچە تارىخىي ئىشلار بايان قىلىنغان بولسىمۇ، لېكىن مەركىزىي ئىدىيەسىدە يەنىلا پادىشاھقا مەدھىيە ئوقۇش بولغان. قەسىدىنىڭ خاتىمىسىدە، ئەنسارىي تارىخىي ۋەقەلەر بايانىدىن يەكۈن چىقىرىپ مۇنداق خۇلاسىلىگەن:

تەرىپى بۇ ئىشنىڭ بەك كۆپ ھېسابسىز،
سۆزلىسەڭ ئۇنىڭغا سۆز يەتمەس ھەرگىز.
شاھلارغا قارشىلىق گۇناھى كەبىر،
گۇناھى كەبىرلەر دوزاققا ئەسىر.
بەزىلەر تايانچى يەمەن شەمشىرى،
شاھىنشاھ تايانچى ئاللاھنىڭ ئۆزى.
خالىسا بېرۇر ئۇ نۇسرەت ـ سائادەت،

ھەر ئىشتا ياغدۇرار ئامەت ـ پاراغەت.
شاھلارغا بويۇنتاۋ بولسا قاي نادان،
شۇ دەمدە بولغۇسى يەر بىلەن يەكسان.
گەدەنكەش بولماقلىق زەھەر ئىچكەنلىك،
ئىچسىلا ئۆلىدۇ، قالمايدۇ تىرىك.
بۇنداقتا زەھەرنى ئىچمەك نە ھاجەت،
زەھەردىن كېلىدۇ جېنىڭغا ئاپەت.①

① جاك خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 98 ـ بەت.
② يۇقىرىدىكى كىتاب، 99ـبەت.

بۇ مىسرالاردا، ئەنسارىي مەھمۇد غەزنەۋىيگە قارشى تۇرۇشنى زەھەر ئىچىش بىلەن باراۋەر دەپ ئوتتۇرىغا قويغان، بۇ پەقەت بىر خىل تەھدىتتىن خالاس.

شائىر ئەڭ ئاخىرىدا ئالتە مىسرالىق شېئىر بىلەن قەسىدىنى مۇنداق ئاياغلاشتۇرغان:

شەيئىلەر ئاساسى بۇ تۆت ئانا سىر، قىزدۇرسا ئاپتاپ، مۇز ئېرىيدۇ شۇئان.
يەل، ئاتەش، تۇپراق، سۇ، سانايمىز بىر - بىر. ياشىسۇن مىڭ يىللار شاھىنشاھ - خاقان،
توڭلىسا يەر - زېمىن، ئۇنمەيدۇ رەيھان، دوستلىرى شاد بولسۇن، دۈشمىنى يەكسان[1].

بۇ قەسىدىنىڭ قەسىدىچىلىك سەۋىيەسى ناھايىتى يۇقىرى ۋە ئۆلچەملىك بولمىسىمۇ، لېكىن مەھمۇد غەزنەۋىيدىن ئىبارەت بۇ ئۇرۇشخۇمار تەلۋىگە ئۇنداق مەدھىيە قىلىپ كېتىش تارىخىي ھەقىقەتكە خىلاپتۇر. لېكىن، بۇ يەنە بىر تەرەپتىن بىزگە ئوردا شائىرلىرىنىڭ خاراكتېرى ۋە ئاجىزلىقىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ئوردا شائىرلىرى مالايلىق خاراكتېرگە ئىگە، ئۇلار شاھنىڭ ئىرادىسى بويىچە شاھنى ماختايدۇ، شاھقا مەدھىيە ئوقۇيدۇ. شۇڭا، بۇنداق شائىرلارنى كىشىلەر «تەخسىكەش»، «خۇشامەتچى» دەپ تىللايدۇ. لېكىن، قەدىمكى ئوردا شائىرلىرىنىڭ شېئىرلىرى يەنە مۇئەييەن پايدىلىنىش قىممىتىگىمۇ ئىگە، چۈنكى بۇ شائىرلارنىڭ شېئىرىي ئەينىكىدىن بىز تارىخنى كۆرەلەيمىز.

شائىر ئەنسارىينىڭ بىر قىسىم قىسقا شېئىرلىرىدىن ئۇنىڭ پادىشاھ ۋە ۋەزىر - ۋۇزرالارغا ھېكمەتلىك نەسىھەت قىلغانلىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ، بۇ خىلدىكى شېئىرلار سان جەھەتتىن كۆپ بولۇپلا قالماي ئىدىيەۋى مەزمۇنىمۇ قىممەتلىكتۇر:

سەلتەنەت تەختىڭ گەر پەلەككە يەتسۇن، شۆھرىتىڭ تۆھپەڭنى كەم قىلما زىنھار،
غەيۋەتچى توختىماي ئوقۇيدۇ ئەپسۇن. كىشىلەر ئاغزىدا مەدھىيەڭ ياڭرار.
بېلىڭگە باغلىساڭ ئەختەردىن كەمەر، شۇ تۆھپەڭ، شۆھرىتىڭ ئەلگە تارالسۇن،
پىتنىچى پىتنىسىن توختاتماس مەگەر. مەڭگۈلۈك ئابىدە ئاندىن يارالسۇن[2].

شائىر ئەنسارىي بىر قىسىم شېئىرلىرىدا پادىشاھلارنىڭ ئەدەپ - ئەخلاق ئۆلچىمىدە چىڭ تۇرۇشىنى، ۋەدە - لەۋزىگە ئەمەل قىلىشىنى دەۋەت قىلىدۇ:

تۆت پەيتتە تۆت ئىشنى قىلماقلىق ھاجەت، سەۋەنلىك كۆرگەندە، گۇناھىدىن ئۆت.
بۇ تۆت ئىش كىشىگە ئېسىل پەزىلەت. مۇشكۇلات كۆرگەنگە قول بەر، قىل ياردەم،
ئۈستۈنلۈك قازانساڭ، كۆڭلۈڭنى كەڭ تۇت، ۋەدەڭنى ئادا قىل، ئۇنۇتما ھەر دەم[3].

ئەنسارىينىڭ «قاغا بىلەن بۈركۈت» ناملىق بىر مەسەللىك شېئىرى بار بولۇپ، بۇ شېئىردىن شائىرنىڭ ئىچكى دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ باشقىلارنى نەزەرگە ئالمايدىغان كەيپىياتىنىمۇ كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ:

ئاڭلىدىم ئاق شۇڭقار ۋە قاغا بۇرۇن سۆھبەتتە بولۇپتۇ، تۈزۈشۈپ سورۇن.

① جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئېنلۇن نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 98 - بەت.
② جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئنلۇن نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 100 - بەت.
③ جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كۇئنلۇن نەشرىياتى، 2007 - يىلى نەشرى، 100 - بەت.

مۇنداقچە سۆز باشلاپ دەپتۇ ئۇ قاغا:
خىسلەتتە ئوخشاشىمىز، قانات بولغاچقا.
ياق، دەپتۇ ئاق شۇڭقار، ئىككىمىز باشقا
قۇش، لېكىن خىسلىتىم نا ئوخشاش ساڭا.
ئولجامنى شاھ يەيدۇ مەندىن كېيىنرەك،
ساڭىلا نېسىپ ئۇ سېسىق تاپ يېمەك.
مەن قونسام شاھ قولى ياكى سارايغا،
ساڭا ئۇ قەبرىستان خارابە ئۇۋا.

گەر كۆرسە مېنى كىم يايرايدۇ كۆڭلى،
سەسكىنەر تەلەتىڭ كۆرسە قاي كىشى.
مەن مەردلىك، باتۇرلۇق، شانلىق سىماسى،
سەن بولساڭ رەزىللىك، سەتلىك بالاسى.
كىشىلەر ھەر قاچان ماڭىلا ئامراق،
تەلەتىڭ كۆرگەنلەر قاچىدۇ يىراق.
مەن بولسام ئېسىللەر ـ ياخشىلارغا يار،
رەزىللەر، پەسكەشلەر سەندەككە خۇشتار①.

يۇقىرىقى مەسىلىدىكى دىيالوگدىن شائىر ئەنسارىينىڭ تەقۋادار، شۇنداقلا يەنە تەكەببۇر شائىر ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. ھەممە نەرسىنىڭ مۇكەممەل بولۇشى ئاسان بولمىغىنىدەك، ئەنسارىيمۇ نۇقسان، كەمچىلىكلەردىن خالىي ئەمەستۇر. مەيلى قانداقلا بولسۇن، ئۇ شېئىرىيەتتە بەلگىلىك نەتىجىلەرنى ياراتقان، تەسىرى بار، كىلاسسىك شېئىرىيەتتە بەلگىلىك ئورۇنغا ئىگە شائىردۇر②.

پايدىلانغان ماتېرىياللار:
1. جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كوئېنلون نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى
2. باباجان غاپۇروف: «تاجىكان» (تاجىكلار تارىخى)، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1988 ـ يىلى ئۇيغۇرچە تەرجىمە نەشرى.
3. شېرىن قۇربان، مەدەلىخان بالون، ئاتىكەم زەمىرى: «تاجىك ئەدەبىياتى تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2005 ـ يىلى ئۇيغۇرچە نەشرى.
4. ئابلەت نۇردۇن، ۋەلى ئەلى، داۋۇت سايىم تۈزگەن: «خەنزۇچە ـ ئۇيغۇرچە تارىخ ئاتالغۇلىرى سېلىشتۇرمىسى»، شىنجاڭ پەن ـ تېخنىكا سەھىيە نەشرىياتى، 2003 ـ يىلى نەشرى
5. تاۋ دېچۇن قاتارلىقلار تۈزگەن «شەرق مەدەنىيىتى مەجمۇئەلىرى. ئىران ئەدەبىياتى ماقالىلەر توپلىمى»، جياڭشى خەلق نەشرىياتى، 1993 ـ يىلى نەشرى.

(ئاپتورلاردىن شېرىن قۇربان شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى فىلولوگىيە ئىنستىتۇتىدا، مەدەلىخان بالون تاشقورغان ناھىيەلىك سىياسىي كېڭەش خىزمەت كومىتېتىدا)

① جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كوئېنلون نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 101 ـ بەت.
① جاڭ خوڭنيەن: «پارس ئەدەبىياتى تارىخى»، كوئېنلون نەشرىياتى، 2007 ـ يىلى نەشرى، 101 ـ بەت.

# گۇننار ياررىڭ نەشرگە تەييارلىغان «قەشقەر خەلق قوشاقلىرى»

نەشرگە تەييارلىغۇچى: مامۇتجان ئىمىن ئىلتىكىن

نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن: گۇننار ياررىڭ تۇنجى قېتىم 1928 ـ يىلى قەشقەرگە تەكشۈرۈشكە كېلىدۇ. ئۇ 1930 ـ يىلىنىڭ بېشىدا ئەينى ۋاقىتتا ئۆزىگە قول يازما تېپىشتا كۆپ ياردەملەرنى قىلغان ھوشۇر ئاخۇن ئىسىملىك بىر كىشىنىڭ ھەمراھلىقىدا قەشقەر توققۇزاقنىڭ تاشمىلىق يېزىسىغا بېرىپ خەلق قوشاقلىرىنى توپلايدۇ. ھەممە بۇ خەلق قوشاقلىرىنى ئىككى كىشىگە ئەينى دەۋردىكى ئۇيغۇر يېزىقىدا كۆچۈرۈشكە بېرىدۇ، بۇ ئىككى كىشىنىڭ بىرسى قەشقەرلىك ئابدۇۋەلى ئاخۇن، يەنە بىرسى يەكەنلىك ئابدۇقادىر ئاخۇن ئىدى. ھازىر بۇ قول يازما شېۋىتسىيەنىڭ لۇند ئۇنىۋېرسىتېتى گۇننار ياررىڭ يىغىملىرى (Gunnar Jarring Collection)نىڭ 16 ـ نومۇرلۇق ئورنىدا ساقلانماقتا.

## ئەسلىي تېكستنىڭ ئۇيغۇرچە ئوقۇلۇشى

1

ئاتام بولسا، كۆرسەممەن،
ئانام بولسا، كۆرسەممەن.
ئاتام بىرلەن ئانامنىڭ،
ئاياغىدا ياتسامەن.

2

قاشىڭ ئەسلا قارادۇر،
ئۇسما قويغانىڭ يالغان.
مەن كۆيسەم ساڭا كۆيدۈم،
لېكىن سېنىڭ كۆيگەنىڭ يالغان.

3

ئەجەب بولدۇم، ئەجەب بولدۇم،
ئەجەب بولغانغا يىغلارمەن.
قەلەندەر ئەڭنىنى كەيمەي،
گەدا بولغانغا يىغلارمەن.

4

بارغۇم بارۇ بارغۇم بار،

13

1.

اتام بولسه كورسام من
انام بولسه كورسام من
اتام برلان انام‌نینك
اياغیدا یاتسام من

2.

قشینك اصلا قرا دور
اوسما قویغانینك یالغان
من کویسام سنکا کویدوم
لکن سنینك گویگانینك یالغان

3.

عجب بولدوم عجب بولدوم
عجب بولغانغه یغلار من
قلندر انکینی کیمای
کدا بولغانغه یغلار من

4.

بارغوم بارُ بارغوم بار
زغیر لیقدا زاغون بار
کیم‌نینك قیزی چیرایلیق
شونی باریب الغوم بار

5.

کتیشینك‌نی بیلسام ایدیم
اوزوتوب قویماس موایدیم
تاخته کوبروك آذینه مسجد
سالدوروب قویماس موایدیم

6.

سحرده سایراغان بلبل
خداغه ناله قیلمام‌دور
مسافرگه کونکل برسه
ثوابی اندا بولمامدور

7.

اتامیز یوق انامیز یوق
خدایم رحمه قیلمامدور
مسافرکا کونکل برسه
ثوابی اندا بولمامدور

8.

سحرده سایراغان بلبل
امدی سایرماس بولدی
بالدور قایلاغان یاریم
امدی قایلاماس بولدی

14

9.
سحرده سایراغان بلبل
گُلُ‌نینك عشق‌یدا ناله
هی هی یاریم کوله‌لی
مونگداشقان‌نی ایغالی

10.
سحرده سایراغان بلبل
گُلُ‌نینك عشق‌یدا ناله
کلنك یاریم اوینایلی
مونگداشقان‌نی ایغالی

11.
یاریم کیتامن دیدور
من کتکالی قویماین
بوینیغه گیرا سالیب
اوتگازگالی قویماین

12.
قاپ قرا بوران کلدی
تار کوچه روان کلدی
من اوینایدورغان چاغدا
یا کیچیك نادان کلدی

13.
کتّی یار کونکلی قرا
بارامسه یاریم دیمادی
چینیده چای‌نی قیُوب
ایچامسه یاریم دیمادی

14.
اندیجانغه باریب ایشلادیم
اسکی تونام‌نی تاشلادیم
بار فلوم‌نی خرج‌لادیم
نان دیب کیسکنی تیشلادیم

15.
بش آلته زمان بولدی خانما
عالم چورگولای دیدور
یوراکداکی ذردآف سو
قانته اورکولای دیدور

16.
اتاسی شاه مردان دور
اناسی نور علادین خان
خدا یولیدا جان برگان
شهیدٌ ایرسلان خان دور

زاغىرلىقدا زاغۇن بار.
كىمنىڭ قىزى چىرايلىق،
شۇنى بارىپ ئالغۇم بار.

5

كېتىشىڭنى بىلسەم ئېدىم،
ئۆزۈتۈپ قويماسمۇ ئېدىم.
تاختا كۆۋرۈك، ئازنە مەسجىد
سالدۇرۇپ قويماسمۇ ئېدىم.

6

سەھەردە سايراغان بۇلبۇل،
خۇداغا نالە قىلمامدۇر.
مۇسافىرگە كۆڭۈل بەرسە،
سەۋابى ئاندا بولمامدۇر.

7

ئاتامىز يوق، ئانامىز يوق،
خۇدايىم رەھمەت قىلمامدۇر.
مۇسافىرگە كۆڭۈل بەرسە،
سەۋابى ئاندا بولمامدۇر.

8

سەھەردە سايراغان بۇلبۇل
ئەمدى سايراماس بولدى.
بالدۇر قايلالىغان يارىم
ئەمدى قايلىماس بولدى.

9

سەھەردە سايراغان بۇلبۇل،
گۈلنىڭ ئىشقىدا نالى.
ھەي ـ ھەي يايرىم گۈلەلى،
مۇڭداشقاننى ئايغالى.

10

سەھەردە سايراغان بۇلبۇل،
گۈلنىڭ ئىشقىدا نالى.
كېلىڭ يارىم ئويناىلى،
مۇڭداشقاننى ئايغالى.

11

يايرىم كېتەمەن دەيدۇر،
مەن كەتكەلى قويمايمەن.
بوينىغا گىرە سالىپ،
ئۆتكەزگەلى قويمايمەن.

12

قاپقارا بوران كەلدى،
تار كوچا رەۋان كەلدى.
مەن ئويناىدۇرغان چاغدا،
يا(ر) كىچىك، نادان كەلدى.

13

كەتتى يار كۆڭلى قارا،
بارامسە يارىم دېمەدى.
چىنىدە چاينى قۇيۇپ،
ئىچەمسە يارىم دېمەدى.

14

ئەندىجانغا بارىپ ئىشلەدىم،
ئەسكى تونامنى تاشلادىم.
بار فۇلۇمنى خەرجلەدىم،
نان دەپ كىسەكنى تىشلەدىم.

15

بەش ـ ئالتە زمان بولدى، خانىما،

15

17.
کیجه‌ده اویقودا یاتسام
آلتنکنی قامچولاب اوتّونک
گفینکمو یوق سوزونک مو یوق
انچیمکا اوت سالیب اوتّونک

18.
سنینک عشقینکدا آیریلسام
جمیع عالم بولور ویران
سنی کورگانده جانی بار دور
منینک کونکلوم تخی ویران

19.
سنی ای کورماسام ای گُل
منینک بر دم قراریم یوق
جهان باغیدا آچیلغان
سنینک‌دیک گُل عزاریم یوق

20.
عجب مو کلمدینک یاریم
یولونکغه بارغودیک بولدوم
قولومغه قوش پیچاق الیب
یوراکنی یارغودیک بولدوم

21.
من کتار بولدوم یاریم
عرضیم بیان ایلاب کتای
مهربانیم قایدا دیب
چولارده قان ییغلاب کتای

22.
سنینک من سنینک من خانما
سنینک بولمای کیم‌نینک من
عزیزانه کاشغرده
ستیب الغان قولونگ‌من

23.
اندیجاندین مرغولانغه
یوز مینک اویلوک اوغان کلور
آکام دیب ساچینی یایب
قالدورغاچ خان سینکنیم کلور

24.
جهانغه کلدیما کوردوم
بقاسیز دور بو عمروم‌نی
کوزومنی یومدوما آچای
مسافردیک کیچیب اوتّوم

ئالەم چۆرگۈلەي دەيدۇر.
يۈرەكدەكى زەرداپ سۇ،
قانغا ئۆرگۈلەي دەيدۇر.

16

ئاتاسى شاھى مەردانۇر،
ئاناسى نۇرئەلا خان(دۇر).
خۇدا يولىدا جان بەرگەن،
شەھىدۇ ئارسلان خاندۇر.

17

كېچەدە ئۇيقۇدا ياتسام،
ئاتىڭنى قامچىلاپ ئۆتتۈڭ.
گەپىڭمۇ يوق، سۆزۈڭمۇ يوق،
ئىچىمگە ئوت سالىپ ئۆتتۈڭ.

18

سېنىڭ ئىشقىڭدا ئايرىلسام،
جەمىئ ئالەم بولۇر ۋەيران.
سېنى كۆرگەندە جانى باردۇر،
مېنىڭ كۆڭلۈم تېخى ۋەيران.

19

سېنى ئەي كۆرمەسەم، ئەي گۈل،
مېنىڭ بىر دەم قارارىم يوق.
جەھان باغىدا ئاچىلغان،
سېنىڭدەك گۈل ئۇزارىم يوق.

20

ئەجەبمۇ كەلمەدىڭ، يارىم،
يولۇڭغا بارغۇدەك بولدۇم.
قولۇمغا قوش پىچاق ئېلىپ،
يۈرەكنى يارغۇدەك بولدۇم.

21

مەن كېتەر بولدۇم يارىم،
ئەرزىم بەيان ئەيلەپ كېتەي.
مېھرىبانىم قايدا دەپ،
چۆللەردە قان يىغلاپ كېتەي.

22

سېنىڭ مەنۇ سېنىڭ مەن، خانىما،
سېنىڭ بولماي كىمنىڭ مەن.
ئەزىزانە كاشغەردە
ساتىپ ئالغان قۇلۇڭمەن.

23

ئەندىجاندىن مەرغىلانغا
يۈز مىڭ ئۆيلۈك ئاۋغان كېلۇر.
ئاكام دەپ ساچىنى يايىپ
قالدۇرغاچخان سىڭلىم كېلۇر.

24

جەھانغا كەلدىما كۆردۈم،
بەقاسىزدۇر بۇ ئۆمرۈمنى.
كۆزۈمنى يۇمدۇما ئاچماي،
مۇسافىردەك كېچىپ ئۆتتۈم.

(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ پېداگوگىكا ئۇنىۋېرسىتېتى باشلانغۇچ مائارىپ ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)

# قىلىچ باتۇر

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر

بار ئىكەن، يوق ئىكەن، بۇرۇنقى زاماندا قىلىچ باتۇر دېگەن بىر پالۋان ئۆتكەنىكەن. كۈنلەرنىڭ بىرىدە قىلىچ باتۇرئاق بىلەك ئايىم دېگەن بىر ساھىبجامالنى ئىزدەپ سەپەرگە ئاتلىنىپتۇ. ئۇ بىر نەچچە كۈن يول يۈرۈپ چۆلدە بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ. ئۇ ئادەم قىلىچ باتۇردىن:

ــ نەگە ماڭدىڭ بۇرادەر؟ ــ دەپ سوراپتۇ.

قىلىچ باتۇر ئۇنىڭغا:

ــ مەن ئاق بىلەك ئايىمنىڭ ئالدىغا ماڭدىم، سەنچۇ؟ ــ دەپتۇ.

ــ ئاڭلىسام قىلىچ باتۇر دېگەن بىر پالۋان بار ئىكەن، شۇنىڭ بىلەن چېلىشىپ باقاي دەپ ئىزدەپ كېتىپ بارىمەن، ــ دەپتۇ ھېلىقى ئادەم. ئۇ ئادەم ئەسلىدە بوزچى ئىكەن.

ــ كەلگىن، مەنمۇ قىلىچ باتۇر بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان، ئاۋۋال مەن بىلەن بىر تۇتۇشۇپ باققىن، ــ دەپتۇ قىلىچ باتۇر. بوزچى:

ــ ماقۇل، تۇتۇشۇپ باقايلى، ــ دەپتۇ. شۇنداق دېيىشىپ ئىككىسى بەل تۇتۇشۇپ چېلىشقا چۈشۈپتۇ. ھەش - پەش دېگۈچە قىلىچ باتۇر بوزچىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپتۇ.

بوزچى ئورنىدىن تۇرۇپ قىلىچ باتۇرغا:

ــ كۈچۈڭگە قايىل بولدۇم، ئىككىمىز دوست بولايلى! ــ دەپتۇ. قىلىچ باتۇر بوزچىغا ئىككى دانە نەيچە بېرىپ:

ــ ماۋۇ نەيچىلەرنى ئېلىۋال، ئەگەر بىرسىدىن قان تامسا، خاتىرجەم يۈرىۋەر؛ بىرسىدىن زەرداب تامسا، دەرھال قاناتلىنىپ ماڭا يېتىشىۋال، ــ دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

قىلىچ باتۇر يەنە نەچچە كۈن يول يۈرۈپ بىر ئادەمگە ئۇچراپتۇ. بۇ ئادەم تۆمۈرچى ئىكەن. ئۇ:

ــ ھە يىگىت، سەپەر قاياققا؟ ــ دەپتۇ.

ــ مەن ئاق بىلەك ئايىمنىڭ قېشىغا كېتىپ بارىمەن، خوش، ئۆزۈڭچۇ؟ ــ دەپ سوراپتۇ قىلىچ باتۇر. تۆمۈرچى:

— قىلىچ باتۇر دېگەن بىر پالۋاننى كېلىۋاتىدۇ دەپ ئاڭلىغانىدىم، شۇنىڭ بىلەن چېلىشقىلى كېتىپ بارىمەن، — دەپتۇ.

— مەن قىلىچ باتۇر بىلەن بىللە يۈرۈپ ئۇنىڭدىن تەلىم ئالغان، ئالدى بىلەن مەن بىلەن چېلىشىپ باققىن، — دەپتۇ قىلىچ باتۇر.

— كەل، ئۇنداقتا بىر تۇتۇشۇپ باقايلى، — دەپتۇ تۆمۈرچى. تۆمۈرچى قىلىچ باتۇر بىلەن بەل تۇتۇشۇپتۇ. قىلىچ باتۇر تۆمۈرچىنىمۇ ھەش - پەش دېگۈچە يەرگە ئۇرۇپتۇ - دە، ئۇنى يۆلەپ ئورنىدىن تۇرغۇزۇپ ئۇنىڭغىمۇ ئىككى دانە نەيچە بېرىپ، نەيچىلەرنىڭ بىرسىدىن قان، بىرسىدىن زەرداب تامىدىغانلىقىنى، قان تامسا خاتىرجەم يۈرۈۋېرىشىنى، زەرداب تامسا ئۇچقاندەك مېڭىپ ئۇنىڭغا يېتىشۋېلىشى لازىملىقىنى ئېيتىپتۇ، ئاندىن ئۆز ئۆزىگە «بىر تال ئىدىڭ، ئىككى تال بولدۇڭ. ئۆزۈم بىلەن ئۈچ تال بولدۇق» دەپ يولىغا راۋان بوپتۇ.

قىلىچ باتۇر يۈرۈپتۇ - يۈرۈپتۇ، ئاخىر بىر قىشلاققا يېتىپ كەپتۇ. بۇ قىشلاقتا بىر سوچى بار ئىكەن، ئۇمۇ يولغا چىقىپ تۇرغانىكەن. قىلىچ باتۇر ئۇنىڭ بىلەنمۇ ئەھۋاللاشقاندىن كېيىن، بىر قەپەس تۇتۇشۇپ، ئۇنىمۇ يەرگە ئۇرۇپتۇ ھەمدە ئۇنىڭغىمۇ ئىككى تال نەيچە بېرىپ «ئۈچ ئىدۇق، مەن بىلەن تۆت بولدۇق. تۆتىمىز بىر كىشى. مۇشۇ نەيچىنىڭ بىرسىدىن قان تامسا، خاتىرجەم ئىشىڭنى قىلىۋەر؛ ئەگەر بىرسىدىن زەرداب تامسا، تېزدىن يېنىمغا كەل» دەپ يەنە يولىغا راۋان بوپتۇ.

ئۇ شۇ ماڭغانچە چۆللەردىن، تاغ - دەريالاردىن ئۆتۈپ بىر سەھراغا كەپتۇ ۋە سەھرادا بىر توپ قوي بېقىپ يۈرگەن چوپانغا ئۇچراپتۇ. قىلىچ باتۇر ئۇنىڭ بىلەن ئەھۋاللىشىپ بولۇپ:

— بۇ قويلار كىمنىڭكى؟ — دەپ سوراپتۇ. چوپان:

— ئاق بىلەك ئايىمنىڭكى، — دەپ جاۋاب بېرىپتۇ. قىلىچ باتۇر:

— ئاق بىلەك ئايىم ھازىر قەيەردە؟ ئۇنى قانداق تاپقىلى بولىدۇ؟ — دەپ سورىغانىكەن، چوپان:

— ئەزىمەت يىگىت، ساڭا ئوخشاش تالاي بوز يىگىتلەر، شاھزادىلەر كېلىپ ئۇنى ئالالماي نابۇت بولۇشتى. كۆردۈڭمۇ ئاۋۇ قورغان ساڭا ئوخشاشلارنىڭ كاللىسىدىن ياسالغان، سەن ئۇ يەرگە بېرىشنى خام خىيال قىلما! — دەپتۇ.

قىلىچ باتۇر بىر پەس ئويلانغاندىن كېيىن:

— مەن چوقۇم بارالايمەن. بۇنىڭ ئۈچۈن قانداق قىلسام بولىدۇ؟ — دەپ سوراپتۇ. چوپان:

— ئۇنداقتا سەن بازارغا بېرىپ بىر خورجۇننىڭ ئىككى كۆزىنى لىق تولدۇرۇپ كىشمىش ئالغىن. ئاق بىلەك ئايىمنىڭ بىر ئېتى بار، ئۇ ئات كىشمىش يەيدۇ. ناۋادا ئاق بىلەك ئايىمنىڭ ئالدىغا بىرەر كىشى كىرسە ئېتى دەرھال كىشنەيدۇ. ئاق بىلەك ئايىم ئۆيىگە كىرگەن ھەرقانداق كىشىنىڭ كاللىسىنى قىلىچ بىلەن ئۈزۈپ تاشلايدۇ. شۇڭا سەن مۇنداق بىر ھىيلە ئىشلەتكىن، يىراقتىن يەر ئاستىدىن كولاپ كېلىپ، ئات تۇرغان جاينىڭ ئاستىدىن چىققىن، ھەمدە بىر باداڭ ئېلىۋالغىن، ھېلىقى كىشمىش بىلەن بىللە باداڭنى تۆشۈكنىڭ ئاغزىغا قاپلاپ قويغىن. قاراڭغۇ چۈشكەندە تۆشۈكتىن چىقىپ باداڭنى تۆشۈك ئاغزىغا قاپلاپ ئۆزۈڭ مۆكۈپ تۇرغىن، بۇنى ئات تۇيۇپ قالمىسۇن، بولمىسا سېنى پارچە - پارچە قىلىۋېتىدۇ. ئاق بىلەك ئايىم ئۇخلىغاندا دەرھال چىقىپ كىشمىشنى ئات ئوقۇرىغا سېلىپ قويغىن، شۇنىڭ بىلەن ئاق بىلەك ئايىمنى قولغا كەلتۈرىسەن.

قىلىچ باتۇر چوپان بىلەن خوشلىشىپ، ئۇنىڭ ئېيتقانلىرىنى بىر - بىرلەپ بېجىرىشكە باشلاپتۇ. ئۇ، يەرنىڭ ئاستىنى كولاپ مېڭىپ ئات ئوقۇرىنىڭ

يېنىدىن چىقىپتۇ. ئاندىن ئاتقا تۇيدۇرماستىن باداڭنى تۆشۈككە قاپلىماقچى بولغاندا، ئات سېزىپ قېلىپ، بىردىنلا كىشنەشكە باشلاپتۇ. بۇنى ئاڭلىغان ئاق بىلەك ئايىم ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ ئاتنىڭ يېنىغا كەپتۇ:

— ھە جانىۋار، كىشنەپ قاپسەنغۇ، نېمە ئىش يۈز بەردى؟ — دەپ ئاتنىڭ بېشىنى سىلاپ قويۇپ، ئۇياق ـ بۇياققا قاراپ، ئەتراپنى كۆزدىن كەچۈرۈپتۇ. ھېچ نەرسىنىڭ شەپىسىنى سەزمىگەندىن كېيىن قايتىپ كېتىپتۇ. ئەمدىلا كۆزى ئۇيقۇغا ئىلىنىشىغا ئات يەنە كىشنەپتۇ. ئاق بىلەك ئايىم يەنە چىقىپتۇ. قارىسا، ھېچ ئىش يوق، ئۇ ئاتقا قاراپ:

— سەن كىشنەۋېرىپ مېنى ئۇخلىغىلى قويمىدىڭ! — دەپ ئاتنى ئىككىنى قامچىلاپ قويۇپ، كىرىپ ئۇخلاۋېرىپتۇ. دەل شۇ چاغدا قىلىچ باتۇر ئاستا چىقىپ ئاتقا كىشمىشنى تۆكۈپ بېرىپتۇ. ئات كىشمىشنى يېيىشكە باشلاپتۇ. قىلىچ باتۇر ئاستا مېڭىپ ئۆيگە كىرىپ قارىسا، ئاق بىلەك ئايىم ئۇخلاۋاتقان، ئۇ دەرھال ئايىمنىڭ بېشىنىڭ ئەتراپىغا قىرىق قوزۇق قېقىپ قوزۇقلارغا ئۇنىڭ قىرىق تال چېچىنى باغلاپ قويۇپتۇ. بىر چاغدا ئاق بىلەك ئايىم ئۇيقۇدىن كۆزىنى ئېچىپ قارىسا، ئۈستىدە بىر يىگىت ئۇنىڭغا تىكىلىپ ئولتۇرغان، ئاق بىلەك ئايىم قىلىچ باتۇرغا قاراپ:

— كىمسەن، نېمىگە كەلدىڭ؟ مەندە نېمە ئۆچۈڭ بار؟ ئورنۇمدىن تۇرسام كاللاڭنى ئالىمەن! — دەپ قاتتىق يۇلقۇنۇپتۇ، لېكىن، چاچلىرى قوزۇقلارغا باغلانغانلىقى ئۈچۈن ئورنىدىن تۇرالماپتۇ ۋە قىلىچ باتۇرنىڭ تەدبىرىگە قايىل بوپتۇ ـ دە، يىگىتكە تەسلىم بولۇپ، ئۇنىڭ بىلەن بىللە ياشاشقا باشلاپتۇ.

قىلىچ باتۇر ھېلىقى ئاتنى مىنىپ ئۇۋغا چىقىپ يۈرۈپتۇ. ئارىدىن بىر نەچچە يىل ئۆتۈپتۇ. ھەرقانداق پادىشاھ ئەلچى ئەۋەتسىمۇ ئاق بىلەك ئايىم زادىلا ئۇنىماپتۇ. ئاخىر قىلراخان دېگەن پادىشاھ ئەلچىلىككە بىر كەمپىرنى ئەۋەتمەكچى بولۇپ، ئۇنىڭغا:

— ئەگەر ئاشۇ قىزنى ئەكېلەلىسەڭ، بويۇڭ بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىمەن، — دەپتۇ.

كەمپىر ئېشەككە مىنىپ يولغا چىقىپتۇ. ئۇ قىلىچ باتۇر ئۇۋدىن يانغاندا ئۆتىدىغان يولنىڭ بويىغا كېلىپ ئېشەكنىڭ بىر پۇتىنى ئۇرۇپ سۇندۇرۇپتۇ ـ دە، ئۆزى بىر چەتتە يالغاندىن يىغلاپ ئولتۇرۇپتۇ. بىر ئازدىن كېيىن قىلىچ باتۇر ئۇۋدىن قايتىپتۇ. كەمپىر قىلىچ باتۇرغا يالۋۇرۇپ ھۆڭ ـ ھۆڭ يىغلاپتۇ ۋە ئېشەكنىڭ پۇتىنى كۆرسىتىپ:

— بالام، ماڭا رەھىم قىلسىلا، بۇ ئادەمسىز چۆلدە قېلىپ ئۆلىدىغان ئوخشايمەن، — دەپتۇ.

قىلىچ باتۇرنىڭ كەمپىرگە ئىچى ئاغرىپ، ئۇنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئۆيىگە ئېلىپ كەپتۇ. ئېرىنىڭ بۇ ئىشىغا ئاق بىلەك ئايىمنىڭ ناھايىتى ئاچچىقى كەپتۇ ۋە ئېرىنى خالىي جايغا چاقىرىپ:

— بۇ شۇم كەمپىرنى نېمىشقا ئېلىپ كەلدىڭىز؟ بېشىمىزنى يەيدۇ بۇ جادۇگەر! — دەپتۇ.

— ھەي، بۇ كەمپىرنىڭ قولىدىن نېمە كېلەتتى، تېخى ساڭا ھەمراھ بولۇپ ئولتۇرىدۇ. ئېغىرىڭنى يەڭگىللىتىدۇ، — دەپتۇ قىلىچ باتۇر.

كەمپىر ئاق بىلەك ئايىمنىڭ خىزمىتىنى قىلىپ يۈرۈپتۇ. كۈنلەرنىڭ بىرىدە كەمپىر ئاق بىلەك ئايىمدىن:

— بالام، قىلىچ باتۇرنىڭ جېنى قەيەردە، بىلەمسىز؟ — دەپ سوراپتۇ. ئاق بىلەك ئايىم:

— بىلمەيمەن، ئۇنى قانداق قىلسام بىلەلەيمەن؟ — دېگەنىكەن، كەمپىر:

— كەچقۇرۇن باتۇر كەلگەندە، ئۇنىڭغا چىراي ئاچمىسىڭىز ئۆزى سىزگە ئېيتىدۇ. بىلىۋالسـ-

ئىمزلا بولدى، ـــ دەپتۇ.

كەچقۇرۇن قىلىچ باتۇر ئۇۋدىن قايتىپ كەپتۇ. ئاق بىلەك ئايىم قىلىچ باتۇرغا چىراي ئاچماپتۇ، ئېتىغىمۇ قارىماپتۇ. ئۇ بىر بۇلۇڭدا تۇگۈلۈپ ئولتۇرۇۋاپتۇ. خوتۇنىنى بۇنداق ھالەتتە كۆرگەن قىلىچ باتۇرنىڭ كۆڭلى غەش بولۇپ، نېمە قىلىشنى بىلەلمەي قاپتۇ، ئاخىر سەۋر - تاقىتى توشۇپ ئاق بىلەك ئايىمدىن سوراپتۇ:

ـــ جېنىم، خاپا كۆرۈنىسەن، ساڭا نېمە بولدى؟

ـــ شۇ چاغقىچە مەن سىزنىڭ ھېچبىر سىرىڭىزنى بىلەلمەي كەلدىم.

ـــ خوش، قايسى سىرىمنى دەيسەن؟

ـــ ئېيتىڭە، سىزنىڭ جېنىڭىز قەيەردە؟

قىلىچ باتۇر ئېھتىماسلىقتا ھەرقانچە ئۇرۇنسىمۇ ھېچ ئىلاج قىلالماپتۇ. ئاخىر نائىلاج:

ـــ مېنىڭ جېنىم قىلىچىمدا، قىلىچسىز زادى ماڭالمايمەن، ـــ دەپتۇ.

ئاق بىلەك ئايىم ساددىلىق قىلىپ بۇ سۆزنى شۇئان مەككار كەمپىرگە ئېيتىپ قويۇپتۇ.

شۇم كەمپىر ئىچ - ئىچىدىن خوشال بولۇپ، ئۆزىچە «ھىم، مۇرادىمغا يېتىدىغان كۈنمۇ كېلىدىكەن - ھە!» دەپتۇ. ئەمما چاندۇرۇپ قويماسلىق ئۈچۈن ئاق بىلەك ئايىمغا:

ـــ قويۇڭە بالام، بۇ گېپىڭىزگە ئىشەنمەيمەن، زادىلا ئىشەنمەيمەن. ئېرىڭىز سىزنى ئالداپتۇ. بولمىسا، باتۇر ئەتە ئۇۋغا ماڭغاندا قىلىچىنى ئېلىپ قېلىپ سىناپ بېقىڭ، راستمۇ يالغانمۇ، شۇ چاغدا بىلىسىز، ـــ دەپتۇ.

ئەتىسى ئاق بىلەك ئايىم ئېرىدىن قىلىچىنى تاشلاپ كېتىشنى سوراپتۇ. قىلىچ باتۇر خوتۇنىنى خاپا قىلىپ قويماسلىق ئۈچۈن قىلىچىنى زورىغا بېرىپتۇ ۋە ئۇۋغا چىقىپ كېتىپتۇ.

كەمپىر دەرھال قىلىچنى ئوغرىلىقچە ئېلىپ چىقىپ، تاش بىلەن سۇندۇرۇپ سايغا تاشلىۋېتىپتۇ. دەل شۇ پەيتتە قىلىچ باتۇر يولدا يىقىلىپ قاپتۇ. كەمپىر بولسا بىر ياغاچ ئات ياساپتۇ. ياغاچ ئاتنىڭ ئوڭ قۇلىقىنى بۇرىسا ئۇچىدىكەن، سول قۇلىقىنى بۇرىسا چۈشىدىكەن. ئۇ ياغاچ ئاتنى مىنىپ ئۇياق - بۇياققا ئۇچۇرۇپ، ئاق بىلەك ئايىمنى ئالداشنىڭ كويىغا چۈشۈپتۇ. ئۇ ئاق بىلەك ئايىمغا قاراپ:

ـــ بالام، سىزمۇ مىنىپ بېقىڭچۇ، قانداق بولاركىن. شۇ باھانىدە ھەممە ياقنى تاماشا قىلىپ كېلىسىز، ـــ دەپتۇ.

مەككار كەمپىر ئاق بىلەك ئايىمنى ئارقىسىغا مىندۈرۈپ ئۇچۇپ كېتىپتۇ. بىر چاغدا قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يېتىپ كەپتۇ - دە، ئوردىغا بېرىپ پادىشاھقا تەزىم قىلىپ:

ـــ شاھىم، مانا خىزمىتىڭىزنى ئادا قىلدىم، ئاق بىلەك ئايىمنى ئېلىپ كەلدىم ، ـــ دەپتۇ.

قاراخان پادىشاھ كەمپىرگە كۆتۈرەلىگۈدەك تىللا بېرىپ يولغا ساپتۇ. كېيىن قىرىق كېچە كۈندۈز توي - تاماشا قىپتۇ.

ئەمدى گەپنى قىلىچ باتۇرنىڭ سەپەردە ئۇچراتقان دوستلىرىدىن ئاڭلاڭ.

بىردىنلا ھېلىقى بوزچى، تۆمۈرچى، سۆچىنىڭ نەيچىلىرىدىن زەرداب تېمىشقا باشلاپتۇ. بۇلار ئۇچقاندەك تېزلىك بىلەن قىلىچ باتۇرنىڭ ھالىدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن يېتىپ كېلىشىپتۇ. قىلىچ باتۇرنىڭ ئىشىكىنىڭ ئالدىغا كېلىپ قاراشسا بىر دەريا ئېقىۋاتقان. شۇنىڭ بىلەن بوزچى سۆچىغا قاراپ:

ـــ سۇنى بوغ! ـــ دەپتۇ.

سۆچى سۇنى بوغۇپتۇ. سايغا چۈشۈپ قارىسا، باتۇرنىڭ قىلىچى سۇنۇق ھالەتتە تۇرغان. ئۇنى تۆمۈرچىگە بېرىپ:

ـــ سەن بۇنى تۈزلەپ، تەكشى قىلىپ ئۇلى-

كتاب تور بېكىتى

غىن! ـــ دەپتۇ سۆچى.

تۆمۈرچى قىلىچنى سوقۇپ تەكشىلەپتۇ. شۇنىڭ بىلەن قىلىچ باتۇر ئۆز ھالىتىگە قايتىپ كەپتۇ. ئۇ ئۆيىگە كېلىپ قارىسا، ئاق بىلەك ئايىم يوق تۇرغۇدەك. ئۇنىڭ ھېلىقى دوستلىرى ئولتۇرۇشقانىكەن. ئۇلار ئاق بىلەك ئايىمنى ئىزدەپتۇ، ئەمما ئۇنى ھېچ يەردىن تاپالمىغاندىن كېيىن:

ـــ بۇ قانداق گەپ؟ بۇنىڭدا نېمە سىر باردۇ؟ ھەي ئىست، ئاق بىلەك ئايىمدىن ئايرىلىپ قاپتىمەن ـ دە! ـــ دەپ كۆپ قايغۇرۇپتۇ قىلىچ باتۇر.

بوزچى تۆمۈرچى بىلەن سۆچىنى ئەگەشتۈرۈپ قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە يول ئاپتۇ. ئۇلار ناھايىتى ئۇزۇن يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە كېلىشىپتۇ. پادىشاھنىڭ راۋىقى ئاستىدىن ئۆتكەندە قارىسا، خەلق يىغىلىپ توپ ـ توپ بولۇپ تۇرغانىكەن. سۆچى قاراخان پادىشاھنىڭ بىر خىزمەتكارىدىن:

ـــ بۇ يەردە نېمە ئىش بولدى؟ ـــ دەپ سورىغانىكەن، ئۇ:

ـــ توي بولۇۋاتىدۇ، ـــ دەپ جاۋاب بېرىپتۇ.

سۆچى يەنە:

ـــ نېمە توي؟ ـــ دەپ سوراپتۇ. خىزمەتكار:

ـــ قاراخان پادىشاھ ئاق بىلەك ئايىمنى ئالماقچى، ـــ دەپتۇ.

ئۈچەيلەن ۋەقەدىن خەۋەر تېپىپ، قايتىپ بېرىپ قىلىچ باتۇرغا يەتكۈزۈپتۇ. كېيىن ھەممىسى مەسلىھەتلىشىپ، يەنە قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە قاراپ ئاتلىنىپتۇ. ئۇلار توي باشلانغىنىغا بىر كۈن كەم قىرىق كۈن بولدى دېگەندە شەھەرگە يېتىپ كەپتۇ.

قىلىچ باتۇر قاراخان پادىشاھنىڭ شەھىرىگە بېسىپ كىرىپ، پادىشاھقا قارشى قاتتىق جەڭ باشلاپتۇ. تىغمۇتىغ ئېلىشىش ئارقىلىق، قاراخان پادىشاھ ئەسىرگە چۈشۈپتۇ. قىلىچ باتۇر بوزچىنى شۇ مەملىكەتكە پادىشاھ، سۆچىنى ۋەزىر قىلىپ تەيىنلەپتۇ. ئۆزى ئاق بىلەك ئايىمنى ئاتقا مىندۈرۈپ، تۆمۈرچىنى باشلاپ ئۆز يۇرتىغا قاراپ يول ئاپتۇ. نەچچە ئون كۈن يول يۈرۈپ ئاخىر ئاق بىلەك ئايىمنىڭ دەريا بويىدىكى تۇرار جايىغا يېتىپ كەپتۇ ۋە ئۆمرىنىڭ ئاخىرىغىچە خاتىرجەم ياشاپتۇ. تۆمۈرچىمۇ ئۇلار بىلەن بىللە ياشاپ ئالەمدىن ئۆتۈپتۇ...

(ئېيتىپ بەرگۈچى: ئاتۇش شەھەر ئازاق يېزا تىجەن كەنتىدىن ئابدۇجېلىل ئاخۇن، توپلاپ رەتلىگۈچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتىدىن دەم ئېلىشقا چىققان)

توپلاپ رەتلىگۈچى: ئېزىز پىراۋىدىن

# مۇزدۇز ۋە بەگ

(چۆچەك)

بۇرۇنقى زاماندا، بىر يۇرتنىڭ چېتىدە بىر توپ مۇزدۇزلار ياشايدىكەن. ئۇلار گەرچە توپلىشىپ كىچىك بىر ھويلىدا تۇرسىمۇ، ئەمما كۆڭلى - كۆكسى كەڭ بولغاچقا ھويلا ئۇلارغا كىچىك بىلىنمەيدىكەن. مۇزدۇزلار تىككەن تۈرلۈك ئاياغلار كىشىلەر تەرىپىدىن ئالقىشلىنىپ، خېرىدارلار كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ سودا جانلىنىشقا باشلاپتۇ. ئۇلار تاپقىنىنى تەڭ يەپ، ئورتاق بېيىش يولىدا جان كۆيدۈرۈپ ئىشلەپتۇ.

ئۇلارنىڭ ئىشلىرى راسا ئېقىۋاتقان كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بۇ يۇرتنىڭ بېگىنىڭ چوماقچىسى مۇزدۇزلارنىڭ ئىشىدىن خەۋەر تېپىپتۇ ۋە بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— ئەي بېگىم، يېقىنقى يىللاردىن بېرى يۇرتنىڭ چېتىدىكى بىر ھويلىدا بىرمۇنچە مۇزدۇز توپلىشىپ ھۈنەر قىلىپ نۇرغۇن پايدا - مەنپەئەتكە ئېرىشىپ كەپتۇ. ئۇلار يۈرىكىنى قاپتەك قىلىپ خالىغىنىچە ئىش قىلسا بولامدۇ؟ ئۇلار تېخى باج - سېلىق تاپشۇرۇشى كېرەك ئىدى، ئۇنىمۇ قويۇپ تۇرايلى، ھېچبولمىغاندا ھوزۇرلىرىنىڭ ئالدىدىن بىرەر قېتىم بولسىمۇ ئۆتۈپ قويسىچۇ كاشكى، قانداق نېمىلەر ئۇ ئىش ئۇقمايدىغان، قارىغاندا ئۇلار ئۇچىغا چىققان مۇتتەھەملەر ئوخشايدۇ، ئۇنداقلارغا رەھىم قىلماسلىق كېرەك، شۇڭا ئۆزلىرىنىڭ ئۇلارغا لايىق جازا بېرىشلىرىنى سورايمەن، — دەپتۇ.

— ئىش ھەقىقەتەنمۇ سەن دېگەندەك بولسا جازالاش ئىشىنى ئۆزۈڭ بېجىرگىن، — دەپتۇ بەگ.

چوماقچى دەرھال بىرقانچە كىشىنى باشلاپ بېرىپ تۈرلۈك باھانە - سەۋەبلەر بىلەن مۇزدۇزلارنىڭ ھۈنەر قىلىپ تاپقان پۇللىرىنى مەجبۇرىي ئېلىۋاپتۇ. بۇ ئىش قىسقا ۋاقىت ئىچىدە قايتا - قايتا تەكرارلىنىپتۇ. مۇزدۇزلار پۇللىرىدىن ئايرىلىپ نېمە قىلارىنى بىلمەي يۈرگەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، چوماقچى بىر قانچە چاپارمەننى باشلاپ يەنە كەپتۇ.

— غوجام، بارلىق پۇل - مېلىمىزنى ئۆزلىرىگە بېرىپ بولدۇق، ھازىر دەسمىي قىلغۇدەكمۇ نەرسىمىز قالمىدى. سىلىنىڭ سايىلىرىدا جېنىمىزنى جان ئەتسەك بولاتتى، بىزگە رەھىم قىلسىلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ مۇزدۇزلار.

— سىلەر بالدۇرراق ھوشۇڭلارنى تاپساڭلار ياخشى بولاتتى. ئەمدى يالۋۇرغىنىڭلارنىڭ پايدىسى يوق، پۇلۇڭلار بولمىسا ئۆتۈكۈڭلارنى ئېلىپ كېتىمىز، — دەپتۇ چوقامچى.

چوماقچى چاپارمەنلەرگە ئىشارەت قىلغانىكەن، چاپارمەنلەر ئاياغلارنى مەجبۇرىي ئېلىۋېلىپ قايتىپتۇ.

ئىشچان موزدۇزلار تەقدىرگە تەن بېرىپ قالغان خۇرۇملارنى كېسىپ ئۆتۈك تىكىشكە باشلاپتۇ، لېكىن بەگنىڭ چوماقچىسىنى يەنە ئەۋەتىپ تالان - تاراج قىلىشىدىن ئەنسىرەپتۇ.

بەگ ئېلىپ كېلىنگەن ئۆتۈكلەرنى كۆرۈپ ھەيران قاپتۇ ۋە كۆڭلىدە: «بۇنداق نەپىس تىكىلگەن ئاياغلارنى كۆرۈپ باقماپتىكەنمەن، ئۇلار ئەسلى بۇنداق ياخشى ئاياغلارنى ئالدى بىلەن ماڭا سوۋغا قىلىشى كېرەك ئىدى، ئەمما ئۇلار مېنى كۆزگە ئىلماي، مەندىن يوشۇرۇن نۇرغۇن ئاياغنى پۇقرالارغا سوۋغا قىپتۇ، ئۇلار راستىلا جازاغا لايىقكەن، ئالدى بىلەن مۇشۇنداق چىرايلىق ئۆتۈكلەرنى تىككەن ئاشۇ موزدۇزلارنى بىر كۆرەي، ئاندىن بىر گەپ بولسۇن» دېگەنلەرنى ئويلاپتۇ.

ئەتىسى بەگ بىرقانچە كىشىنى ئېلىپ چوماقچىسىنىڭ يول باشلىشى بىلەن موزدۇزلارنىڭ تۇرالغۇسىغا كەپتۇ. بۇنىڭدىن خەۋەرسىز موزدۇزلار بەگنىڭ كەلگىنىنى كۆرۈپ قورققىنىدىن بىر - بىرىگە قارىشىپتۇ ۋە شۇ زامان بەگكە سالام بېرىپتۇ.

— مەن ئاتايىن ۋاقىت چىقىرىپ ھۈنىرىڭلارنى كۆرگىلى كەلدىم، قېنى ھۈنىرىڭلارنى كۆرسىتىڭلار، — دەپتۇ بەگ.

ئەسلىدىلا بەگكە ئاچچىقى كېلىپ تۇرغان موزدۇزلارنىڭ زەردىسى تېخىمۇ ئۆرلەپتۇ. ئۇلاردىن بىرسى دەرھال ئورنىدا ئولتۇرۇپ يىپ تارتىشقا باشلاپتۇ. بەگ بۇ قوللىرى ئەپچىل ئۇستىنىڭ يېنىغا كېلىپ ئولتۇرۇپتۇ. پۇرسەتنى غەنىيمەت بىلگەن موزدۇز يىپنى كۈچەپ بىر تارتىپتىكەن، يىپ ئۈزۈلۈپ قولى بەگنىڭ يۈزىگە تېگىپ، بەگنىڭ كۆزىدىن ئوت چىقىرىۋېتىپتۇ.

موزدۇزلار دەرھال بەگنىڭ ئالدىغا كېلىپ:

— بەگ جانابلىرى، ئۇنىڭ بىر قوشۇق قېنىدىن كەچسىلە، ئۇنىڭ يامان غەرىزى يوق، بۇ ھۈنەرنى قىلغاندا بۇنداق ئىشتىن ساقلانغىلى بولمايدۇ، كەچۈرىۋەتكەن بولسىلا، — دەپ يالۋۇرۇپتۇ.

يۈزىگە بىر تەستەك يېگەن بەگ ئاچچىقىدا ئاغزىغا گەپ كەلمەي چاپارمەنلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ ئۈندىمەي جىممىدە چىقىپ كېتىپتۇ.

بەگنىڭ جىممىدە چىقىپ كېتىشىدىن موزدۇزلار بىر شۇملۇقنى سېزىپتۇ ۋە:

— بەگنىڭ جىممىدە كېتىشىدە چوقۇم بىر گەپ بار، بىز بۇ يەردىن تېز كېتەيلى، — دەپ شۇئان نەرسە - كېرەكلىرىنى يىغىشتۇرۇپ يولغا چىقىپتۇ.

شۇ ئىش بولۇپ، نەچچە يىللار ئۆتۈپتۇ. بۇ يۇرتتا ھۈنەرۋەن، قولى گۈل كىشىلەر بىر - بىرلەپ بۇ يۇرتتىن باشقا جايلارغا كېتىپتۇ. شۇنىڭ بىلەن بازار - رەستىلەر چۆللىشىپتۇ. كىشىلەرنىڭ تۇرمۇشى بارغانسېرى يامانلىشىپتۇ. بەگ شۇ چاغدىلا ھۈنەرۋەن، بىلىملىك كىشىلەرنىڭ قەدرىگە يېتىپتۇ، چوماقچىسىنىڭ گېپىگە كىرىپ قىلغان ئىشلىرىغا ئۆكۈنۈپتۇ ھەمدە چوماقچىسىنى قاتتىق جازالاپ، چەت جايغا سۈرگۈن قىپتۇ، ئاندىن ھۈنەرۋەن، بىلىم ئىگىلىرىگە كۆڭۈل بۆلۈشكە باشلاپتۇ. يۇرتمۇ تەدرىجىي ئاۋاتلىشىشقا باشلاپتۇ.

(ئېيتىپ بەرگۈچى: لوپ ناھىيە دول يېزىسىدىن ئىمىننىياز تاشتۆمۈر، توپلاپ رەتلىگۈچى: خوتەن شەھەر يورۇڭقاش بازىرىدا)

مېھرى مۇھەممەدسىدىق (ئۆزبېكىستان)

# دوستلۇق بايرىمى

## جۇڭگو خەلق جۇمھۇرىيىتىدە نەشر قىلىنغان ئەلشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك مۇزېيىغا تەقدىم قىلىنىشى

ئۆزبېكچىدىن ئۇيغۇرچىلاشتۇرغۇچى: خاسىيەت غازى

«بۇ يىل 4 ـ ئاپرېل جۈمە كۈنى ئەلىشىر نەۋايى نامىدىكى ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك ئەدەبىيات مۇزېيىدا داغدۇغىلىق چىن دوستلۇق بايرىمى ئۆتتى» دېسەك مۇبالىغە قىلغان بولمايمىز. بايرامغا ئەدەبىياتشۇناسلار، ژۇرنالىستلار، مەدەنىيەت ئەربابلىرى ۋە جامائەت ئەربابلىرى قەدەم تەشرىپ قىلدى. بايرام ئەدەبىيات مۇزېيىنىڭ دىرېكتورى پىروفېسسور سايىتبېك ھەسەننىڭ كىرىش سۆزى بىلەن ئېچىلدى.

ــ بىز، ــ دېدى سايىتبېك ھەسەن، ــ بۈگۈن كاتتا بىر تارىخىي ۋەقەنىڭ گۇۋاھچىسى بولۇپ تۇرۇپتىمىز. جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىن بىزگە ئەۋەتىلگەن، بىز ئۈچۈن ناھايىتى قەدىرلىك بولغان ئەلىشىر نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ تولۇق نەشرىدىن بىر قىسمىنى سوۋغا تەرىقىسىدە جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى بىزگە يوللىغان. مانا بۇ سوۋغىنى قوبۇل قىلىپ ئېلىش بىز ئۈچۈن ناھايىتى خۇشاللىنارلىق بىر بايرام. سوۋغىنى ئۆزبېكىستان خەلق تېبابىتى ئاكادېمىيەسىنىڭ دائىمىي رەئىسى مۇھەممەتجان ھەمرايوف تاشكەنتكە ئېلىپ كەلدى.مۇھەممەتجان ھەمرايوفنى سۆزلەشكە تەكلىپ قىلايلى.

زالدا گۈلدۈراس ئالقىش ساداسى كۆتۈرۈلدى. مۇھەممەتجان ھەمرايوف مۇنداق دېدى:

مېنىڭ قەدىردان دوستۇم، جۇڭگو مەملىكىتىنىڭ كۆزگە كۆرۈنگەن مەدەنىيەت ئەربابلىرىدىن بولغان رەسسام غازى ئەھمەد ئاكىنىڭ ئۆيىگە قەدەم تەشرىپ قىلغىنىمدا، ئۇ كىشى ماڭا مانا مۇشۇ سىزلەر كۆرۈپ تۇرغان ئەلىشىر نەۋايىنىڭ 29 تومدىن ئىبارەت ئەسەرلىرىنىڭ بېيجىڭدىكى مىللەتلەر نەشرىياتىدا بېسىلىۋاتقان نۇسخىلىرىدىن 12 پارچىسىنى كۆرسەتتى ھەمدە شۇ توپلاملارنى ئۆزبېكىستانغا سوۋغا قىلىش لازىملىقىنى ئېيتتى. بىزنىڭ پىكرىمىز بىر يەردىن چىقىپ، ئەتىسى غازى ئاكا مېنى جۇڭگو ئۇيغۇر كىلاسسىك ئەدەبىياتى ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتى (تۆۋەندە «جەمئىيەت» دەپ ئېلىنىدۇ)گە تەكلىپ قىلدى. جەمئىيەتنىڭ رەئىسى ئابلىز ئابدۇرېھىم بىزنى قىزغىن قارشى ئالدى. بىز جەمئىيەتنىڭ خىزمەتلە-

رى بىلەن تونۇشتۇق. شۇنى ئېيتىش كېرەككى، جەمئىيەت ناھايىتى كاتتا ئىشلارنى ئەمەلگە ئاشۇرۇشقا بەل باغلىغان. ئەنە شۇ جەمئىيەت بىلەن ئۆزبېكىستاندىكى مۇناسىۋەتلىك جەمئىيەتلەر ھەمكارلاشسا تېخەمۇ ياخشى بولاتتى.

ئابلىز ئابدۇرېھىم جەمئىيەتكە ۋاكالىتەن نەۋايى ئەسەرلىرىنىڭ ھازىرغىچە نەشردىن چىققان مانا شۇ 12 تومىنى، ئەلىشىر نەۋايى مۇزېيىغا تاپشۇرۇشنى ماڭا ھاۋالە قىلدى. شۇ كىتابلارنى قوبۇل قىلىپ ئېلىشىڭلارنى سورايمەن.

يىغىن ئەھلى مۇھەممەتجان ھەمرايوفنىڭ سۆزىنى قىزغىن چاۋاك بىلەن ئالقىشلىدى.

فىلولوگىيە پەنلىرى دوكتورى مىرزا ئۇلۇغبېك نامىدىكى ئۆزبېكىستان مىللىي ئۇنىۋېرسىتېتىنىڭ پىروفېسسورى، ئەدەبىياتشۇناس ھەمدۇللا بولتابېۋ سۆز ئېلىپ، جۇڭگو دۆلىتىدە ئەلىشىر نەۋايىغا شۇ قەدەر بۈيۈك ئېھتىرام كۆرسەتكەنلىكىنى تەكىتلەپ، جۇڭگو دۆلىتىگە، كىلاسسىك ئەدەبىيات ۋە مۇقام ئىلمىي جەمئىيىتىگە چوڭقۇر مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

سۆز ئۆزبېكىستان خەلقئارا مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ رەئىسىگە بېرىلدى.ئۇ مۇنداق دېدى: «بىز يېقىن ئارىدا شىنجاڭلىق مەشھۇر رەسسام غازى ئەھمەد قەلىمىگە مەنسۇپ ئەلىشىر نەۋايى پورترېتى بىلەن تونۇشقان ئىدۇق. قولۇمنى كۆكسۈمگە قويۇپ ئېيتىمەنكى، ئەلىشىر نەۋايى پورترېتى يۈكسەك ماھارەت بىلەن سىزىلغان. كۆرۈپ تۇرۇپسىزلەركى، نەۋايى ئەسەرلىرى نەشرىنىڭ ھەر بىر تومىدا غازى ئەھمەد سىزغان پورترېتنىڭ بېسىلىشى، خۇددى ئۈزۈككە كۆز قويغاندەك بولغان. مەن مىننەتدارلىقىمنى غازى ئەھمەدكە قانداق بىلدۈرۈشۈم ئۈچۈن سۆز تاپالمايمەن. بۈگۈنكى ۋەقە بۇ شۇنچە گۈزەل نەشرىنىڭ بىزگە تەقدىم قىلىنىشى ھەقىقەتەن بىر تارىخىي ۋەقە ۋە ئەلىشىر نەۋايىنىڭ بارچە تۈركىي خەلقلەر پەخىرلەنسە ئەرزىيدىغان بۈيۈك شائىر ئىكەنلىكىنىڭ ئىسپاتىدۇر».

بايرامغا قەدەم تەشرىپ قىلغان ئۆزبېكىستان ئۇيغۇر مەدەنىيەت مەركىزىنىڭ مەسئۇللىرى بۈگۈنكى بايرامنى دوستلۇق بايرىمى، ئىككى دۆلەت خەلقلىرى ئارىسىدىكى مۇستەھكەم مەدەنىي ئالاقىلەر بايرىمى ئىكەنلىكىنى تەكىتلەپ ئۆتتى. يىغىلىش ئاخىرىدا ئۇيغۇر ناخشا ـ مۇزىكىلىرى ياڭرىدى.


ئۆزبېكىستان دۆلەتلىك رادىيو ـ تېلېۋىزىيە ئىدارىسىنىڭ «مەدەنىيەت ۋە مەرىپەت»، «دۇنيا بويلاپ» ۋە «تاشكەنت» قاناللىرى بايرامنى باشتىن ـ ئاخىرىغىچە فىلىمگە ئالدى ۋە كۆرسەتتى.


(نەشرگە تەييارلىغۇچى: شىنجاڭ ئۇنىۋېرسىتېتى چەت ئەل تىللىرى ئىنستىتۇتىنىڭ ئوقۇتقۇچىسى)








Шарқ табобати
2/2013



www.uyghurkitap.com



رىزا تاۋانگىر رىزى سىزغان

باھار شامىلى


源　泉 (布拉克)

بۇلاق

（维吾尔文）　总156期

(قوش ئايلىق ژۇرنال) ئومۇمىي156-سان

BULAK A BIMOUNTHLY JOURNAL IN UIGHUR LANGUAGE

主编：艾力·托合提　副主编：穆合塔尔·马木提

باش مۇھەررىر: ئەلى توختى　مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: مۇختار مامۇت

新疆人民出版社编辑出版
（乌鲁木齐市解放南路348号）
乌鲁木齐八家户彩印有限公司印刷
乌鲁木齐市邮局发行
中国国际图书贸易总公司国外发行
全国各地邮局订阅

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى تۈزدى ۋە نەشر قىلدى
(ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348-نومۇر)
ئۈرۈمچى باجياخۇ رەڭلىك مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتىدە بېسىلدى
ئۈرۈمچى شەھەرلىك پوچتا ئىدارىسى تارقىتىدۇ
جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى چەت ئەللەرگە تارقىتىدۇ
جايلاردىكى پوچتىخانىلار مۇشتەرى قوبۇل قىلىدۇ

国内统一连续出版物号：CN65-1063/I
国际标准连续出版物号：ISSN 1005-0876
国外发行号：Q1118　邮政编码：830001
邮政代码：58-108　定价：8.50元
广告经营许可证号：6500006000043

مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن ژۇرنال نومۇرى: CN65-1063/I
خەلقئارالىق ئۆلچەملىك ژۇرنال نومۇرى: ISSN 1005-0876
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ۋاكالەت نومۇرى: Q1118　پوچتا نومۇرى: 830001
پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 58-108　باھاسى: 8.50 يۈەن
ئېلان تىجارىتى ئىجازەتنامىسى نومۇرى: 6500006000043